# ئورخۇندىن جەۋھەرلەر

# ORXUNDIN JEWHERLER



www.orkhun.com

# ئورخۇندىن جەۋھەرلەر

بىرىنچى كىتاپ

www.orkhun.com

# تۈزگۈچىدىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

قولىڭىزدىكى « ئورخۇندىن جەۋھەرلەر » دېگەن بۇ ئېلىكتىرونلۇق كىتاپ، ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىسى بولۇپ، سىزنىڭ ياقتۇرىشىڭىزنى ۋە سىزگە ئازراق بولسىمۇ نەپ ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز.

تور بېتىمىز قۇرۇلغان قىسقىغىنە نەچچە ئاي ئىچىدە كەڭ تورداش دوستلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئەلۋەتتە مۇنبىرىمىزدىكى جاپاكەش ئەزالىرىمىزنىڭ كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەسەر يوللاپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تور بېتىمىزنى قوللاپ توختىماستىن ئەسەر يوللاپ كەڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن تۆھپىكار ئەزالىرىمىزغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

تور بېتىمىز ئۇيغۇر تورچىلىقىدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان تور بەت بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر يوللىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنىدۇ. گەرچە تور بېتىمىز يېڭى قۇرۇلغان

يوللانغان ماقالا ئەسەرلەر ئاز ۋە بەزىلىرى باشقا تور بەتلەردە ئېلان قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىمىز ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان، ئۆگىنىۋاتقان دوستلىرىمىزغا ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دىگەن مەقسەتتە تور بېتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاللاپ بۇ بىرنەچچە يۈرۈش ئېلىكتىرونلۇق كىتاپنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

بۇ بىزنىڭ بۇنداق ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلىشىمىز بولغاچقا ئەلۋەتتە كەمچىلىك خاتالىقلاردىن ساقلىنالىشىمىز ناتايىن، شۇڭا ئەگەر خاتا كەتكەن تەرەپلەر بولسا كەڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەپۇ كۆزىدە قاراپ، كېيىنكى قېتىمدا تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، كەمچىلىكلىرىمىزنى سەمىملىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمۈت قىلىمىز.

كىتاپنىڭ مەزمۇنى ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى غەيرەت توختى كەنجى ئەپەندىم تۈزگەن كەنجى كوررېكتور بىلەن تەھرىرلەندى، بىلىك كۈلۈبىدىكى DELL ئەپەندى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئىشلەپ بەردى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككى قېرىندىشىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

# مۇندەرىجە


بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقى ........................................................ 1

قەدىمقى قۇرۇقلۇق مۇ ........................................................... 21

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى (ئېتنىك مەنبەسى) توغرىسىدا .................. 49

سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە ......................................................... 67

XIII — XIV ئەسلەرگە ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ........ 80

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرغىچىلىك مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش سەۋەپلىرى ................................................................................ 92

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ قوراللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا ھەربىي مەشق .............................................................................................. 101

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ تۈزۈلىشى ......................... 114

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ............. 123

تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ......................................................... 131

نەقشبەندىيە (سوپىزم) تەرىقىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ..................... 140

خوجىلارنىڭ يىلتىزى ............................................................ 144

« ئاق تاغلىق » ۋە « قارا تاغلىق »لار توغرىسىدا ......................... 148

ئىلى خەلقىنىڭ يەتتەسۇغا كۆچۈشى ....................................... 152

# ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى
# زامان تارىخى

# بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقى

تورغا يوللىغۇچى: Yawuz

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=13

بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى —— قۇياش ئىمپېرىيىسى مۇغا تەۋە ئەڭ چوڭ مۇستەملىكە خاراكتېرلىك ئىمپېرىيە بولۇپ، دۇنيادا تونۇلغان ئىمپېرىيىلەر ئىچىدە مۇدىن قالسىلا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن چوڭ ئىمپېرىيە يوق ئىدى.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى تىنچ ئوكيانغا، غەربىي چېگرىسى ھازىرقى رۇسىيىنىڭ موسكۋا شەھىرى جايلاشقان زېمىننى بويلاپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يىراقلارغا سوزۇلۇپ ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشقان ئىدى .شىمالىي چېگرىسىغا ئائىت خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتاشقان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. جەنۇبىي چېگرىسى بولسا ھىندىچىنى، بېرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر تارىخى دىمەكلىك —— ئارىيانلارنىڭ تارىخى دېمەكتۇر. چۈنكى بارلىق ئارىيانلار ھەقىقىي ئارىيان ئىرقىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ياۋروپانىڭ مەركىزىنى بويلاپ ماكانلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تاكى ئۈچىنچى ئېرا دەۋرىگىچە سوزۇش مۇمكىن. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن غايەت دەھشەتلىك يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە

تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئىمپېرىيە ۋەيران بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئاپەتلەردىن ئامان قالغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياۋروپادا قايتىدىن ئاھالە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ پېلىستوسىن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سلاۋيانلار، تيوتىنلار، كېلتلار، ئېرلاندلار، بېرتونلار ۋە باسكلار ئۇيغۇرلاردىن پەيدا بولغان مىللەتلەردۇر .بېرتونلار بىلەن باسكلار ۋە ھەقىقىي ئېرلاندلار ئۆچىنچى ئېرا دەۋرىدە ياۋروپاغا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن تارقالغان خەلقلەردۇر ھەم بۇلار دەل ھېلىقى يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە تاغلار ئۆزگىرىش ھەرىكىتىدە ئامان قالغانلاردۇر.

يەر پوستى ھەرىكىتى ۋە تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى گۈللەپ ياشنىغان ھېلىقى دەۋرلەردە ھازىرقى گوبى چۆللۈكى سۇيى ئەلۋەك مۇنبەت تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايدىكى پايتەختى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1896- يىلى تىبەتتىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قەدىمكى شەھەر قارا خوتۇنى زىيارەت قىلغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى مۇشۇ قارا خوتۇ شەھرىنىڭ ئاستىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىپ بۇ خارابىلىكنى قېزىشنى باشلىۋەتكەن ۋە 40 فۇت قېلىنلىقتىكى قورام تاش قاتلىمى، شالغۇم ۋە قۇم قاتلاملىرىدىن ئۆتۈپ قەدىمكى پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىنى تاپقان ھەمدە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشكەن. لېكىن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېزىش راسخوتى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن بۇ ئارخېئولوگىيە پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان ھەم بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشنى رۇسىيىلىك داڭلىق ئارخېئولوگ كوزلوفقا ئېيتقان .كېيىن كوزلوف بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ قارا خوتۇدىكى خىزمىتىنى

داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ رۇسيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردىكى ئارخېئولوگىيلىك قېزىش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: غايىپ بولغان قۇرۇقلۇق مۇنى باش ئەگدۇردۇم ـــ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان

شەرقتىكى ئەللەردە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردە: " پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورنى بىر زامانلاردا مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر، ئورمانلىقلار، كۆل ۋە دەريالار بىلەن تولغان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇ جايلاردىكى كەڭ ھەم تۈپتۈز يوللار چوڭ ـ كىچىك شەھەر بازارلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كاتتا شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ سۇرلۇك ئوردا قەسىرلىرى بار ئىدى " دېيىلگەن. ھازىرمۇ گوبى چۆللۈكىدىكى ھېلىقى توپان سۈيىنىڭ يالاپ قوراملىقىقا ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن ئامان قالغان تۇپراق قاتلاملىق قىسىملىرىدا قۇرۇپ كەتكەن دەريالارنىڭ قىنى، قاناللار ۋە كۆللەرنىڭ ئىزنالىرى ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكىنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا ھېلىقى توپان سۈيى يالاپ كەتكەن دائىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلار بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تاپقان ھېلىقى دەۋرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. تەلىيىمىزگە يارىشا بىز بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە موھتاج ئەمەس، تىبەتلەرنىڭ بىر ئىبادەتخانىسىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نائاكال خانلىقىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر ساقلانغان. مەن ئۇنىڭدىكى " 70000 يىللار ئىلگىرى نائاكاللىقلار ئۆز ۋەتىنى ھەققىدىكى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە يوللىدى " دېگەن نەقلنى ئالساملا كۇپايە. رىۋايەت تۇسنى ئالغان نەقللەر نامەلۇم يۇرتلاردىن ئاسىياغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشتا ھازىرقى سىرىق دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقدىن مەلۇمات بېرىدۇ . ئۇلار ئۇ جايدىن ئىچكىرىگە قاراپ كېڭەيدى، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە يېتىپ بارغان جايى ـــ تۇز كەتكەن سۇغۇرۇشقا ئەپلىك تۇزلەڭلىك (گوبى) دۇر .شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېگىلىپ كاسپىي دېڭىز بويلىرىغا ۋە ئاندىن كېيىن مەركىزىي ياۋروپانى بېسىپ ئاتلانتىك ئوكيانغا كېڭەيدى.

يازما خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشچە ئۇيغۇرلار نۇرغۇن كاتتا شەھەرلەرنى بىنا قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن سۇ ئېقتىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا گوبى چۆللۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن.

خەنزۇلارنىڭ بەزى خاتىرىلىرىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 500- يىللاردىكى تەققى-تۇرقى" قوڭۇر چاچ كۆك كۆز خەلق "، " ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى ئاق سۇزۇك، قوڭۇر كۆز ۋە قوڭۇر چاچ كېلىدۇ. شىمالدىكى جايلاردا ياشىغانلىرى ئاساسەن كۆك كۆز سىرىق چاچ، جەنۇبتا ياشايدىغانلىرى قارا چاچ قارا كۆز كېلىدۇ " دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئەمدى مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنىڭ قاچان نېمە سەۋەبتىن ۋەيران بولغانلىقى، باي مۇنبەت گوبىنىڭ چۆللۈككە ئايلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە يەر پوستى تارىخىنىڭ قايسى دەۋرلىرىدە قۇم قاپلىغان گىياھ ئۇنمەس چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمەن.

ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان قەدىمكى خاتىرىلەردە " ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ۋە ئۇنىڭدا ياشغۇچى خەلقلەر بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شەرقى قىسمىنى تامامەن يالماپ كەتكەن تاشقىندا خانىۋەيران بولۇپ ھالاك بولدى، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئامان قالمىدى " دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ قەدىمكى خاتىرىلەر گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئىسپاتلاندى. قەدىمى پايتەخت شەھەر قارا خوتۇدىكى ئىمارەتلەر باشتىن ئاياق قورام، شالغۇم ۋە قۇم قاتلاملىرى ئاستىدا قالغان. ئەمدى بۇ تاشقىن ئاپىتىنى دۇنيادىكى بارلىق گېئولوگلار ئورتاق ئېتىراپ قىلدۇ. شۈبھىسىزكى ئىنجىلدا " توپان بالاسى " دېيىلگەن بۇ تاشقىن ئۆتكەنكى ماگنىتىك شىددەتلىك ئۆزگىرىش دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن.

مەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن بىرگە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى لېنا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جايلار ۋە شىمالىي مۇز ئوكيان بويىدىكى ئاراللاردا گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ باردىم. بىزنىڭ يول بويى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىز بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار مۇقەددەم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن مۇز ئارىلاشمىغان دەھشەتلىك سۇ دولقۇنى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ بۇ يەرنى يالماپ ئۆتكەنلىكىدەك بىر پاكىتنى ئاشكارىلىدى .بىز گېرىنۋىچ سىزىقىنىڭ 110 گرادۇس شەرقىغىچە بولغان جايلاردا بۇ تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىمدۇق، لېكىن بۇ دائىرىدىن شەرققە قاراپ ماڭغىنىمىزدا شۇ قېتىملىق تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇردى. ھېلىقى تاشقىنىنىڭ جەنۇبتىن باستۇرۇپ كېلىپ شىمالغا كەتكەنلىكىگە ئائىت دەلىللەر ھەممىلا جايدا ئۇچراپ تۇردىيۇ،

لېكىن بىز بېسىپ ئۆتكەن سىبىرىيىنىڭ ھېچقانداق جايىدا ھېلىقى تاشقىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇزلاردىن قالغان بىرەر ئىزنالارنى بايقىمىدۇق. تاشقىن ئەڭ قاتتىق بېسىپ ئۆتكەن يەر لېنا دەرياسى بولسا كېرەك.

لېنا دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىنكى جاي للاكوف ئارىلى. بۇ ئارال مامونت ۋە باشقا ئورمان ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخان ۋە چىشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، بۇلارنى ھېلىقى تاشقىن موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە دالالىرىدىن ئېقتىپ كېلىپ تاشلىغان. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلا للاكوف ئارىلىدا ياشىغان ئەمەس. بۇ ئۇستىخانلاردىن بىز شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، تاشقىنغا ھېچقانداق مۇز ئارىلاشمىغان، بولمىسا بۇ ھايۋانلارنىڭ تېنى ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يانجىلىپ ئۇماچ بولۇپ كەتكەن بولاتتى، يەنى شەرقى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھالەت كېلىپ چىققان بولاتتى، ئۇ جايدا للاكوف ئارىلىدىكىدەك بۇنداق قالدۇق ئىزنالارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

گېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇ تاشقىن گېئولوگىيىلىك ئاتالغۇ بولغان مۇز دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن. خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقى يېرىمى پايتەختى بىلەن قوشۇلۇپ شۇ تاشقىن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار قىرىلىپ تۈگىگەن، لېكىن غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئامان قالغان.
تاشقىن ئاپىتى بولۇپ مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن (قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدىم) مەركىزىي

ئاسىيادىكى تاغ بۆلەكلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى ئوراپ تۇرغان ۋە ئۇنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يەرلەر ئولتۇرۇشقان ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن ھاسىل بولغان يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن يەرلەر پارچىلىنىپ، يەر قوينىدىن قورامىلار ئۆسۈپ چىققان، بۇ ئومۇمىي ۋەيرانچىلىققا قوشۇلۇپ پارتلىغان ۋولقانلار قىزىق لاۋا ئېقىمى ھاسىل قىلغان. شۇ قېتىمقى تاشقىن ئاپىتىدە قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ۋەيرانچىلىقتا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئېنىق مۆلچەرلەش قىيىن، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالغان. بۇ يەر شارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە تاغ كۆتۈرۈلگەندە كېلىپ چىققىدىغان ئوخشاش ھادىسە. ساق قالغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تاغ ئارا قېچىپ يۈرۈپ جېنىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ئەھۋاللار باشقا بابلاردا سۆزلىنىدۇ. پەيدا بولغان بىرقانچە تاغلار گوبى دېگەن بۇ زېمىننى كېسىپ ئۆتۈش ۋە دائىرىگە ئېلىنىشلىش نەتىجىسىدە، ئېقىپ كېلىدىغان سۇ يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەر يۈزى ھالىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن بۇ يەرگە قويۇلىدىغان سۇلار يەرنىڭ ئاستىدىكى قورامىلارنى بويلاپ سىڭىپ يەر ئاستى دەريالىرىنى شەكىللەندۇرگەن. دېمەك يەر يۈزىدىكى سۇلارنىڭ سىڭىپ كېتىشى نەتىجىسىدە گوبى بىز بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغان قۇم، قورامىلار قاپلىغان ئادەمزاتسىز چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن .شەك شۈبھىسىزكى ھازىرمۇ بۇ قۇملۇقنىڭ بىرنەچچە فۇت تەكتىدىن سۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىز ـ 7 10فۇت چوڭقۇرلۇقتىن سۇ تاپتۇق.

هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ياۋروپاغا تارقىلىپ ماكانلاشقان، ھىندىلارنىڭ قەدىمكى كىتابى " مانۇ "دا مۇنداق يېزىلغان: " ئۇيغۇرلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ". بۇلار ماكس مۇللېر ئېيتقان پلىي ستوسېن دەۋرىدىكى كۆچمەنلەرگە ئوخشاش ئىككىنچى قېتىم ياۋروپاغا كۆچۈپ كىرگەن ئۇيغۇرلار بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭچە شەك شۈبھىسىزكى ئالىملار ئېيتقان شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى دەل ئادەمزاتسىز چۆلدەرەپ قالغان ھېلىقى تاغلىقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. بۇ قاراش ماكس مۇللېر تەرىپىدىن دەلىللەنگەن. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق يازغان: " دەسلەپتىكى بۇ بىر كىچىك توپ كاۋكازلىقلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ تاغلىقلىرىدىن كەلگەن ". ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: " ئۇلار كاۋكاز دالالىرىغا پلىي ستوسېن دەۋرىدە يەنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان دەۋرلەردە يېتىپ بارغان. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ياۋروپادا ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان نۇرغۇن قوۋملار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھېلىقى دەۋرلەرگە سۈرىدۇ ".

" يوقالغان قۇرۇقلۇق مۇ " دېگەن كىتابىمدا كوزلوف قارا خوتۇدىن تېپىپ سۈرەتكە ئالغان بىر قىسىم سىمۋوللۇق رەسىملەرنى ئايرىپ چىقىپ مەنىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى.

تىبەت ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان، ئۇ شەرقتە جۇڭگو، شىمالدا موڭغۇلىيە، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە كەشمىر ۋە تۈركىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكى ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

تىبەت بىر زامانلاردا بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يەنى ئۇ چاغلاردا تېخى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان بولۇپ، بۇ ئەلنىڭ زېمىنى مۇنبەت تۈزلەڭلىك ئىدى. ھازىر بۇ جاي غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى بىلەن تولغان دۇنيا بويىچە ئەڭ بۈيۈك ئېگىزلىك. جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىسى ــــ ھىمالايا تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ مۇشۇ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ــــ جۇمۇلاڭما چوققىسى تىبەت چېگرىسىغا جايلاشقان، شۇڭا تىبەت " دۇنيانىڭ ئۆگزىسى " دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.
تىبەت ــــ " تىلسىمات ۋە سىر ھېكمەتلەر بۆشۈكى " دەپ ئاتالغان ھىندىستاننىڭ قوشكېزەك ھەمشىرىسى ۋە بۇ شۆھرەت تاجىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى. تىبەتنىڭ ئادەم كىرگىلى بولمايدىغان تاغ ئارىلىرىدا نۇرغۇن موناستىر، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار بولۇپ تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن باردى كەلدىلەردىن خالى راھىبلار ئۆزلىرىگە خاس ئەھكاملار بويىچە پىنھان، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇ جىلغىلاردا ياشايدىغان ئازغىنە چارۋىچىلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنى بىلمەيدۇ. ھىمالايالىقلار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىكى راھىبلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئۆزلىرىنى بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى بىراھمانلار تەرىپىدىن ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان نائاكاللارنىڭ پۇشتىلىرى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلار ئەڭ ئىپتىدائىي دىن ۋە ئالەملەرنىڭ بەزى سىر ھېكمەتلىرىگە ئائىت تۈنجى

بۇيۇك مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالغۇچىلاردىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭ بۇ يەردە " بەزى " دېگەننى تەكىتلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئىبادەتخانىلار تىبەتتىكى نەچچە يۈزلىگەن ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدىكى ساناقلىقلا بىر قىسمىدىن، يەنى بەش بارماقنىڭ ئىچىدىكى بىر بارماقتىنلا ئىبارەت خالاس. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنىلا بىلىمەن، بۇ ئىبادەتخانىلاردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئىخلاس قىلىدۇ.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سىچلىيېمان لاسادىكى بىر قەدىمى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن مۇنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى بايان قىلىنغان يازمىلارنى بايقىغان. بۇ يازمىلار قەدىمكى ئابىدە يادىكارلىقلىرىدىن پەھلىۋى ۋە تىبەت تىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس، كىم بىلىدۇ دەيسىز بەلكىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن يازمىلارغا قوشۇلۇپ ئاللىقانداقتۇر نامەلۇم بىر ئىبادەتخانىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا ياكى پول ئاستىلىرىدا بىراۋلارنىڭ قىيا كۆزىنى سېلىپ قويۇشىغا زار بولۇپ، مەينەت كىگىز پالاسلارنىڭ قېتىدا چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن ھالدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقاندۇ.

قاتمۇ قات تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىراھما پوترا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا بەزى ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل نائاكال كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىلىشقا لايىق نەچچە مىڭلىغان

ئابدىلەر ساقلانغان بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇ يەردىكىلەر بۇنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھىرىگە تەۋە نائاكال كۇتۇپخانىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئاجايىپ تارىخى ئەنە شۇ ئابدىلەرگە باغلانغان. مەن بۇ پاكىتلار ھەققىدە قەدىناس رايىشى بۇرادىرىمگە ئېغىز ئېچىپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەقدىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە ئاڭلىغان ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بۇ ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە ھېلىقى ئابدىلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ ماڭا دەپ بەرگەنلىرىنى ئەينەن تەكرارلاپ ئۆتىمەن: نائاكاللار كۇتۇپخانىسىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا ھېلىقى قېرى رايىشى سۆزلەپ بەرگەن.

" ئۇلۇغ تاشقىن شەرقى ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيانى بېسىپ كەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھرى ۋەيران بولۇپ ئۇنىڭدىكى ئاھالىلەر غەرق بولغان ۋە نائاكاللار ۋەتىنىدىن ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغان بۈيۈك كۇتۇپخانا (ئابدىلەر) نى كۆمۈپ تاشلىغان. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تاشقىن باسمىغان غەربىي تاماندىكى نائاكاللار پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىگە بېرىپ ئابدىلەرنى كولاپ چىقىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ غەربىي يۇرتىنىكى ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن. ئابدىلەر تاكى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ھېلىقى ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ ئۇلارنى قايتىدىن يەر قەھرىگە كۆمۈپ تاشلىغانغا قەدەر ھېلىقى ئىبادەتخانىلاردا ساقلىنىپ تۇرغان. ئارىدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى تاغلار كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى دەۋرىدىكى

ئاپەتتىن ئامان قالغان نائاكاللارنىڭ ئۇرۇق پۇشتىلىرى قايتىدىن ھېلىقى خارابىلىكنىڭ ئىزىغا بېرىپ ئابىدىلەرنى قايتىدىن كولاپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇلار ھازىرغىچە شۇ يەردە ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتماقتا.

خاھى ئۇ ئىبادەتخانا ياكى ئابىدىلەر بىزگە سىر بولغان بىلەن شەرقنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگە تولىمۇ ئېنىق. مېنىڭ بىلىشىمچە 3 ئەنگلىيىلىك ۋە 2 رۇسىيىلىك ھېلىقى ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغان. "

بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەن رايىشدىن ھېلىقى كۇتۇپخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان بىرسىنىڭ ھازىر بار يوقلىغىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا: " مېنىڭچە ھازىر يوق ئوغلۇم، بىز داستان قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى رايىشى شەھرىمىز ئايخۇدىيا باسقۇنچى قوشۇنلار تەرىپىدىن بۇلاڭ تالاڭ قىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان، سىرلىق ئارخىپلار بىلەن تولغان ھېلىقى نائاكال كۇتۇپخانىمىز بار ئىبادەتخانىنى دۈشمەنلەر تاپالمىغان، ئەگەر بۇ رىۋايەتلىرىمىز راست بولسا نائاكال كۇتۇپخانىسى ھېلىقى ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى ئاستىدا ئەينەن ئۆز پېتى ئامان ئېسەن ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ " دېدى.

بۇ ماڭا شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىۋاتىدۇكى، نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن تىبەت، كەشمىر ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى جايلار، يوللار، ئۆتكەللەر ھەققىدىكى يازمىلىرىم ئىچىدە بۇ ئۇچۇرنىڭ سىياسىي قىممىتى ھەممىدىن يۇقىرى، سەۋەب: بۇ ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق ئاساسى بار، شۇڭا

بۇنىڭدا كۆڭلۈمنىڭ رايىغا بېقشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم ۋە خۇشاللىقىم دەپ قارايمەن.

جۇڭگو ـــ خەنزۇ مەدەنىيتى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرسى دېيىلىپ ۋە شۇنداق قارىلىپ كەلدى، لېكىن خەنزۇ مەدەنىيتىنىڭ تارىخى ئارانلا 5000 يىل ئەتراپىغىلا بارىدۇ. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆز مەدەنىيتىمىزنى ئۆزىمىز راۋاجلاندۇرغان دەپ ئىشىنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيتى ئۇلارغا ئاتىلىرى تەرىپىدىن مىراس قالدۇرۇلغان، يەنە بىرسى خەنزۇلار قارىماققا موڭغۇللارغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلار يېرىم موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە، ئۇلارنىڭ يىراق بوۋىلىرى ئاق تەنلىك ئارىيانلاردۇر. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بىر مۇنچە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەللەردىكى سېرىق تەنلىك موڭغۇللار بىلەن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ۋە ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى خەنزۇلارنىڭ تۇنجى ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان، قەدىمكى يازمىلاردا " ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى سېرىق تەنلىك بەدىۋىلەرنىڭ ئارىسىدىكى چىرايلىق ئاياللارنى تاللاپ ئەمرىگە ئالاتتى " دەپ قەيت قىلىنغان. شەك شۈبھىسىزكى بۇ تەرجىمىدىكى خاتالىق، چۈنكى ئۇ چاغلاردا بۇنداق تويلىشىشنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى ئېنىق، دۇنيادا بەدىۋىلەر ھېچقاچان چىراي تۇرقىدىن مەلۇم بولمايدۇ، دېمەك ئۇنىڭ مەنىسى " سېرىق تەنلىك ئەبگار ئېرىق " دېگەنلىكتۇر، ئەنئەنە جەھەتتە بۇ " سېرىق تەنلىك موڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا تېخمۇ بەدەۋى ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيتىنى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن تۇراتتى " دېگەننى ئىسپاتلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ

نۇرغۇن خەنزۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي نەسەپتىكىلەرنىڭ ئۆچكى ئاق سۈزۈك بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى ئۇيغۇر قېنىنىڭ ئالامىتىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى تۆۋەن نەسەبلىك، ئادەتتىكى قارا ئىش قىلىدىغان خەنزۇلاردا ئۇيغۇر قېنى يوق، مانا بۇلار بولسا قەدىمكى سېرىق تەنلىك موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بۇنداق ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ئۇيغۇر دادىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس تەربىيىلىنىپ چوڭ بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇڭا تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىپ تۇرغان، ئۇيغۇرلارغا خاس يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ تەربىيىسى سىڭگەن ئەۋلادلار تۇنجى خەنزۇ ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. دېمەك خەنزۇ مەدەنىيىتى ــــ ئۇلارغا ئاتا بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. خەنزۇلارنىڭ تەرىقەتچىلىك دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلانغان نۇرغۇنلىغان يازمىلار يۈقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە بىرمۇنچە خەنزۇ مۇتەپەككۇرلار بۇنى شەك شۈبھىسىز ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇلاردا " خەنزۇلار باشتىن ئاياق ئاسىيادىلا ياشىغان بولماستىن بەلكى ئۇلار يىراق ئەللەردىن قۇياش چىققان جايلارنى قوغلىشىپ كەلگەن " دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش گەۋدىلىك ساقلانغان.

مەن خەنزۇلارنىڭ رىۋايەت تۈسىدىكى تارىخىنى شەكىللەندۈرگەن خەنزۇ رىۋايەت ئەپسانىلىرىنى تېپىپ توپلاشقا تىرىشىپ باقتىم، بۇلار ئەسلىدە مەۋجۇد بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم.

تۆۋەندە خ. ئې. پاركېرنىڭ جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ 71 ـبېتىدىن مىسال كەلتۈرىمەن:

| № | سۇلالىلەر نامى | پادىشاھلار سانى | سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى |
|---|---|---|---|
| 1 | بەش پادىشاھ دەۋرى | 9 | 2852ـ 2206ـ يىللار |
| 2 | شيا | 18 | 2052ـ 1767ـ يىللار |
| 3 | شاڭ | 28 | 1766ـ 1122 ـيىللار |
| 4 | غەربىي جۇ | 10 | 1121ـ 828ـ يىللار |
| 5 | شەرقىي جۇ | 25 | 827ـ 255ـ يىللار |

ئەسكەرتىش: جەدۋەلدىكى يىلنامىلەرنىڭ ھەممىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى يىللار.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقتى تۆۋەندىكىچە:

بەش پادىشاھ دەۋرى ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 71 يىل

شيا ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 24 يىل

شاڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 23 يىل

غەربىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 29 يىل

شەرقىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 22 يىل

پاركېر مۇنداق دەيدۇ: " بەش پادىشاھ دەۋرى دېگىنى تامامەن ئەپسانە؛ شيا سۇلالىسى دېگىنمۇ ئەپسانە ئارىلاشقان رىۋايەت؛ ساڭ سۇلالىسى دېيىلگىنى ئاساسەن رىۋايەت؛ غەربىي جۇ سۇلالىسدە سەلتەنەت سۈرگەن 10 پادىشاھ دېگىنى يېرىم رىۋايەت؛ شەرقىي جۇ سۇلالىسدە سەلتەنەت سۈرگەن 25 پادىشاھ دېگىنى تارىخ".

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنداق خۇلاسگە كېلىمىزكى پاركېر ئاڭلىغانلىرىغا ئەمەس، پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە ئىشەنگەن، رىۋايەتلەرنىڭ مەيلى قانچىلىك راست بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۆزى ئىشەنچ ھاسىل قىلغۇدەك يازمىلارنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەپسانە دەپ قارىغان. مېنىڭ ئادىتىم بولسا ئەپسانىنى ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىزدەيمەن، 90- قېتىمدا بولمىسىمۇ 100- قېتىمدا ئۇنىڭ ئەپسانە ياكى رىۋايەت ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەپسانە رىۋايەتلەر ئۈزۈپ چاپلىنىش جەريانىدا نەتىجىسىدە كەم كۈتىسىز توقۇلمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى ئوت يېقىلمىسا ئىس چىقمايدۇ. خۇددى پاركېر ئېيتقاندەك ئەپسانىنىڭ ئازدۇر كۆپتۇر ئۈزۈپ چاپلانغان رىۋايەت ئىكەنلىكىدىن مەنمۇ گۇمانلانمايمەن، خەلق ئاغزىدىكى ھېلىقى توقۇلمىلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان خىلمۇ خىل نەق يازما خاتىرىلەرنى تەرىقەتچىلىك (داۋجياۋ) دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىش مۇمكىن.

پاركېر خەنزۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 200- يىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچىلىك بولغان تارىخنى ياخشى ۋە تەپسىلىي شەرھىلىگەن. ئۇ

ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخىنى بايان قىلىپ بەرگەن. لېكىن ياپونلارغا كەلگەندە مۇتلەق خاتالاشقان، يەنى ئۇلار توغرىسىدا خاتا كېچىككە كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملىرىدىن شۈبھىلىنىشكە ئەرزىيدۇ .ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى يوغان مۇڭگۇزلۇك قوينى ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قېرى ماركو پولونى ھەپسىگە ئالغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ گوبىدىكى ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئىزنالىرى ۋە باشقا تارىختىن بۇرۇنقى بۇيۇك ئۆزگىرىشلەرگە ئائىت ئىزلارنى قانداق ئىزاھلاپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمىدىم، روشەنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ كارايىتى چاغلىق بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولۇپ، ئارىدىن 7- 8 مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن موڭغۇل ئىرقىدىكى ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ سانسىزلىغان ئاھالىسى شەرقىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىپ ياشىغان. چىنگىزخان ۋە قۇبلايلار ئەنە شۇ تاتار ئىرقىغا تەۋە موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەشھۇرلىرىدۇر. قۇبلايخان مىلادى 1277 -يىللىرى يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن. بۇيۇك خەنزۇ مۇتەپەككۇرى ۋە پەيلاسوپى كۇڭفۇزى مىلادىدىن بۇرۇنقى 511- يىلدىن 480- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى جۇڭگونىڭ يازما تارىخى باشلىنىپ 300 يىللار ئۆتكەندە ياشىغان . مىلادىدىن بۇرۇنقى 214- يىلى ئىمپېراتور چىن شىخۇاڭ بارلىق كىتابلارنى ۋە قەدىمكى جۇڭگو ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن سان ساناقسىز كىتابلار تارتىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، كۇڭفۇزى ۋە مېڭزىنىڭ كىتابلىرىمۇ ئوتقا

تاشلىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ھۇن تاتارلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىغا توختىماي ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنى سوقتۇرغىنى دەل پادىشاھ چىن شىخۇاڭ بولۇپ، ئۇ بارلىق قەدىمكى يازمىلارنى تەل تۆكۈس كۆل قىلىۋېتىش نىيىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان، چۈنكى يازمىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى قۇتقۇزۇۋېلىنغان ۋە تەرىقەت (داۋجىياۋ) دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا يوشۇرۇن ساقلىنىپ قېلىنغان، ھازىر شۇ جايلاردا دىنىي تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرىۋاتماقتا، بۇنى شۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆزگە ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئاسىيا توغرىسىدىكى باب تۈگىدى. كېيىنكى بابتا غەربىي ئاسىيا ھەققىدە توختىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن يىراق شەرقى ئاسىيادىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پايتەختىگە دائىر مەزمۇنلار بىلەن تولغان جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئېتىلدى.

3- ئېرا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى —— مېنىڭ بۇ يەردە توختالغىنىم —— 20000 يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن، ئىنجىلدا " توپان بالاسى " دەپ قەيت قىلىنغان دەھشەتلىك ئاپەتتىن بۇرۇن ئەپسانە تۈسىنى ئالغان گېئولوگىيىلىك " مۇز دەۋرى "دىن بۇرۇن ۋە يار پوستىلىقىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى، يەنى 3- ئېرادىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت.

214- بەتتىكى ئاددىي خەرىتە بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ھازىرقى جايلارغا

ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ سىزىلدى. بۇنىڭدىن 20000 يىللار بۇرۇن بىرمۇنچە يەرلەر چوكۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرمۇنچە يەرلەر ئۆرلەپ چىققان، مەن تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا قارىتىپ ئاسيانىڭ مەركىزىنى ۋە ياۋروپانى كۆرسەتكەن بىر كۆرسەتكۈچ سىزىق سىزدىم، مانا مۇشۇ سىزىق ئىمپېرىيىنىڭ تەخمىنى مەركىزىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرى بالقانلىقلار ئارىسىدا تېپىلىدۇ. ئەڭ چەتتىكى ئالدىنقى قاراۋۇللىرى —— ئېرلاندلار، فرانسىيىدىكى بېرىتونلار ۋە ئىسپانىيىدىكى باسكلاردۇر. ئىمپېرىيىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزاقلارغا سوزۇلغانلىقى نامەلۇم، ئىشقىلىپ يىراق سىبىرىيىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى.

خەرىتىنىڭ غەربىي قىسمى جەزمەنلەشتۈرگىلى بولمايدىغان چېگرىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ئىككى چېگرىسى —— شەرقتە تىنچ ئوكيان ۋە جەنۇبتىكى ناگا ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق ھالدا ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ تىنچ ئوكيانغا كېڭەيگەنلىكى ياكى بولمىسا ئالدىنقى قاراۋۇللىقنى تۇرغۇزغانلىقى تېخى نامەلۇم بىر سىر. ھالبۇكى بىز ئاتلانتىك ئوكيان بويىلىرىدا ئۇلارنىڭ پۇشتىلىرىنى تاپتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى.

قەدىمكى شەرق ھۆججەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ئۆز ئالدىغا خان ھۆكۈمرانلىرى بار، كىچىك خانلىق ياكى بەگلىكلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئىمپېرىيە بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەنە بىر ئەڭ يۇقىرى

ئىمپېراتور ياكى پادىشاھقا قارام بولغان، ئۇ بولسىمۇ مېتروپولىيە قۇياش ئىمپېرىيىسى مۇغا قارام بولغان. ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمەت ئەندىزىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساقلا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ زورىيىپ بىر قوشما شتاتقا ئايلانغانلىقنى قىياس قىلىشىمىز تەس ئەمەس، مۇنىڭ ئۆزى بولسا شۇ چاغدىكى دۇنيادىكى بىردىنبىر قوشما شتات ئىدى.

جامېس كولونېل چېرچۋاردنىڭ « غايىپ قىتئە —— مۇ» دىگەن كىتابىنىڭ 13- بابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ

تورغا يوللىغۇچى: Yawuz

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=96

## كىرىش سۆز

مېنىڭ بۇ ئەسىرىمنىڭ بارلىق ئىلمى ماتېرىياللىرى ئىككى خىل قەدىمكى تابلىچكىلارنىڭ تەرجىمىسى(مەنىسىنى يېشىش ئو. ت) ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ بىرى مەن ئۇزۇن يىللار بۇرۇن ھىندىستاندا تاپقان " ناكال تابلىچكىسى"، يەنە بىرى بولسا ئۇلىيام نىۋېن مېكسىكىدا تاپقان زور مىقداردىكى (2500 دىن ئارتۇق نۇسخا) تاش تابلىچكىلاردىن ئىبارەت.

ھەر ئىككى خىل تابلىچكىلار ئورتاق مەنبەگە ئىگە. سەۋەبى، ئۇلاردىكى ئۆزۈندىلەر ۋۇ نىڭ مۇقەددەس ئىلھام يازمىلىرىدىن ئېلىنغان.

ناكال تابلىچكىلىرى ناگالارنىڭ سىمۋوللىرى ۋە بەلگىلىرى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتەنىدە ئىجاد قىلىنىپ، ئالدى بىلەن بېرمىغا ئاندىن (تەخمىنەن 15مىڭ يىل بۇرۇن) ھىندىستانغا يۆتكەلگەن.

" مېكسىكا تابلىچكىلىرى " نىڭ قەيەردە ئىجاد قىلىنغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇلار شىمال ياكى ئۇيغۇرچە سىمۋول ۋە بەلگىلەر بىلەن

يېزىلغان. بىراق، ھەر ئىككىلا تابلىچكىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى مۇ نىڭ مۇقەددەس ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇلار مېكسىكىدا ئىجاد قىلىنغانمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنىدە ئىجاد قىلىنغانمۇ (ئاندىن مېكسىكىغا يۆتكەپ ئاپىرىلغانمۇ) بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ئايرىم تابلىچكىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىن يېزىلغانلىقىغا 12 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان، بەزى مېكسىكا تابلىچكىلىرىدا مۇ ھەققىدە يېزىلغان بىر نەچچە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بايقىدىم.

كىتابىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار تەجرىبە- تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇ ئەسەر مېنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تەكشۈرۈپ -تەتقىق قىلىشىمنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ قىزىقارلىق ناكال تابلىچكىلىرىدا بايقىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى تولۇق بايان قىلىنغان. مەن تېخى ھازىرغىچە ئۇلاردا بىرەر خاتالىقنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدىم.

خۇددى ناكال تابلىچكىلىرىغا ئوخشاشلا، مېكسىكا تابلىچكىلىرىمۇ قانداقتۇر بىر زامانلاردا يەر شارىدا نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزدىن ئۈستۈن قويىدىغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىغا گۇمانلىنىشىم ئۈچۈن ئاساس قالدۇرمىدى. باشقا قەدىمكى يېزىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ تابلىچكىلار ھىندىستان، بابىلون، پېرسىيە، مىسىر ۋە يۇكاتان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆتكەن زامانىدىكى بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىر پارچە ئۇچقۇنىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## يوقالغان قۇرۇقلۇق

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنى-مۇ نىڭ ھالاكەت تارىخى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ۋەقە. بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئون يىل بۇرۇن، ئالىملار بۇرۇن تىنچ ئوكياندا بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقى، كېيىنچە ئىسسىز غايىب بولغانلىقىغا گۇمان قىلىشقانىدى. بىراق، يېقىندا ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بىر زېمىننىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇم ئىسپاتلار تېپىلدى. بۇ ئىسپاتلار بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىدىن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ھىندىستاننىڭ بىر ئىبادەتخانىسىدا مۇقەددەس تابلىچكىلىرىمۇ تاپقاندىن كېيىن راھىب ئالىمنىڭ ياردىمى بىلەن مەنىسىنى يەشكەنىدىم. بۇ تابلىچكىلار مۇ نىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەسلەپكى ئىسپاتلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ يەنە باشقا ئىسپاتلارنى ئىزدىشىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. تابلىچكىلاردا ناكاللارنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان زېمىندىن ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا يەنە، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ زېمىندا پەيدا بولۇشى تەسۋىرلەنگەن. كېيىنچىرەك مىسىر، ھىندىستان ۋە مايا دۆلىتىدە يېزىلغان ئىسپاتلاردا مۇ دۆلىتىنىڭ يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ۋەيران بولغانلىقى ۋە ئوت دېڭىزىغا غەرق بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكيان ئاستىغا غايىب بولغان بولۇپ، بۇرۇن قۇدرەتلىك، مەدەنىيەت گۈللەنگەن يەردە ھازىر دېڭىز دولقۇنى مەۋج ئۇرماقتا.

ئىككىنچىدىن، مۇ نىڭ مەۋجۇد بولغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر ھىندى ئېپوسى " رامايانا " قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى تېكىستلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. رامايانا ئېپوسنى ئايودفى ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى نارادىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ دانىشمىنى ۋە تارىخچىسى ۋالمىكى يېزىپ قالدۇرغان. ئېپوسنىڭ بىر جايىدا ۋالمىكى ناكاللارنى (پولكوۋنىك چىرچۋارد " چىرما " دەپ پۈتكۈل ھىندى - چىننى كۆزدە تۇتقان) " بىرمىغا شەرقتىكى ئۆزلىرى تۇغۇلغان مەملىكەتتىن كەلگەن "، يەنى تىنچ ئوكيان تەرەپتىن كەلگەن دېيىلگەن. ھازىر بىرتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان " تىروئان قەدىمكى قولىيازمىسى " مۇقەددەس تابلىچكىلار ۋە ۋالمىكى ئېپوسلار (رىۋايەتلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنىڭ بىرى.) بۇ قەدىمكى مايا كىتابى يوكاتاندا يېزىلغان. ئۇنىڭدا " مۇ مەملىكىتى " تىلغا ئېلىنغان. بەلگە ئورنىدا بىز ھىندىستان، بىرما ۋە مىسىردا بايقىغان سىمۋوللار ئىشلىتىلگەن. دەلىللەرنىڭ يەنە بىر مەنبەسى " كورتىسا قانۇنلار توپلىمى " ناملىق مايا كىتابى بولۇپ، ئۇ "تىروئان قەدىمكى قولىيازمىسى " بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، " لىخاسا قولىيازمىلىرى" ۋە مىسىر، گرېتسىيە مەركىزى، ئامېرىكا، مېكسىكىلاردىن تېپىلغان يۈزلىگەن ھۆججەتلەر ۋە ئا ق ش نىڭ غەربىي شتاتلىرىدىكى قىيا تاش يېزىقلىرىمۇ بار.

ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى غايىب بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق مۇ غا ئىسپات بولالايدىغان ئىبادەتخانىلار ۋە مەنزىرىلەرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى مەۋجۇد.

جەنۇبىي دېڭىزدىكى بەزى ئاراللاردا، بولۇپمۇ، پاسخا، ماڭائىنا، توڭا تاچۇ، پوناپې ۋە مارىئان ئاراللىرىدا مۇ دەۋرىدىن قېپقالغان تاشتىن ياسالغان قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ خارابىلىرى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. يوكاتاندىكى ئۇشمال شەھرىدە يېرىم ۋەيران بولغان بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇنىڭدا " غەربتىكى بىز كەلگەن زېمىن"نى ياد ئېتىپ ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر بار. مېكسكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مېكسىكا پىرامىداسى ئويۇپ يېزىلغان يېزىقلىرى بىلەن كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇمۇ " غەربىدىكى يەر" نىڭ ھالاكىتىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تىكلەنگەن.

تۆتىنچىدىن، مىسىر، بەرمە، ھىندىستان، ياپونىيە، جۇڭگو، جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى، مەركىزىي ئامېنكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىر مۇنچە قەبىلىلەر ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان باشقا جايلاردىن تېپىلغان بەزى سىمۋولىكلار (مەنە بەلگىلىرى) ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقاش مۇمكىن. بۇ سىمۋولىكلار ۋە رىۋايەتلەر شۇنچىلىك ئوخششىپ كېتىدۇكى، بۇلارنىڭ بىر ئورتاق مەنبە- مۇ دىن كەلگەنلىكىدە شۈبھە قالمايدۇ. مانا شۇلارغا ئاساسەن مۇ نىڭ ھالاكەت تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

بۇ قۇرۇقلۇق بىپايان ئېدىرلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالدا ھاۋايدىن، جەنۇبتا تاكى تىنچ ئوكيانىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى پاسخا ئارىلى بىلەن فىجى ئاراللىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىق بويىچە بەلگىلەنگەن. مۇ نىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 5000 مىل، شىمالدىن جەنۇبقا 3000 مىل بولغان. چوڭ قۇرۇقلۇق

ئۈچ كىچىك قۇرۇقلۇقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى تار بوغۇزلار ياكى دېڭىز ئايرىپ تۇرغان.

بۇ " بىپايان تۆزلەڭلىكلەرگە ئىگە " (پاسخا ئارىلى تابلىچكىلىرى ـــــ ئاپتور ئىزاھاتى) ئىسسىق بەلۋاغ مەملىكىتى ئىدى. ئۇنىڭ ۋادىلىرى ۋە تۆزلەڭلىكلىرى گۈزەل يايلاق ۋە مۇنبەت ئېتىزلار بىلەن تولغانىدى. " ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېدىرلىق يەرلىرى " ( "تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى " ئاپتور ئىزاھاتى) بولسا بۆك - باراقسان ئىسسىق بەلۋاغ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. يەر يۈزىدىكى بۇ جەننەتنىڭ ئۇيۇقلىرى تۆپتۈز بولۇپ، ھېچقانداق ئېگىزلىكى ياكى تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنمەيتتى. يەر قاتلىمىدىن تاغلار تېخى ئېتىلىپ چىقمىغانىدى.

بۇ بىپايان ۋە مۇنبەت زېمىننى سانسىزلىغان دەريا - ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭ ۋە تىنچ ئېقىنلىرى كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇلار ئورمان بىلەن قاپلانغان دۆڭلەر ۋە تۆزلەڭلىكلەر ئەتراپىدىن ئەگرى - بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ ۋە ئاجايىپ فانتازىيىلىك ئەگمىلەرنى ھاسىل قىلىپ ئېقىپ ئۆتەتتى. ھەممىلا يەر قويۇق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭغا دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلاردىكى ئېچىلغان رەڭگارەڭ، خۇش پۇراق گۈللەر قوشۇلۇپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. ئوكيان ۋە دەريالارنىڭ قىرغاقلىرى نەچچە ئون مىڭ (بىر مىل 1609.35 مېترغا باراۋەر) كەڭلىكتە قويۇق پالمىزارلىقلار بىلەن قاپلانغان. ھەيۋەتلىك پاپوروتنىكلارنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى دەريا قىرغاقلىرىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. تۆزلەڭلىكلەردە دەريا ئېقىنلىرى كېڭىيىشىدىن ئۇششاق كۆللەر ھاسىل بولۇپ، قىرغاق بويلاپ سۇ يۈزىدىن

سانسىزلىغان نىلۇپەر گۈللىرى چۆرىسىگە يېشىل زۇمرەت تۇتۇلغان ئۇنچە ــمەرۋايىتلاردەك ئېچىلىپ تۇراتتى.

دەريا بويىدىكى دەرەخ سايىلىرىنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئۈستىدە، خۇددى تەبىئەت ئەينىكىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىغاندەك خىلمۇ خىل كېپىنەكلەر ئۇچۇشاتتى. ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كولىبىرلار (كولىبىر ـــــ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشاۋاتقان بىر خىل كىچىك قۇش) قۇياش نۇرىدا خۇددى جانلىق ياقۇتلاردەك چاقنايتتى.

دەرەخ ئۈستى ۋە چاتقاللىقلاردا قۇشلار بەس-بەستە سايرىشاتتى

ئاسمان پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ هاياتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ سايراۋاتقان چېكەتكە ۋە سەرەتانلارنىڭ چىرىلداشلىرى بىلەن تولغاندى.

ئىپتىدائىي ئورمانلاردا " بۇدۇشقاق هاشاراتلارنى هەيدەش ئۈچۈن يوغان قۇلاقلىرىنى توختىماستىن پۇلاڭلىتىپ يۈرگەن هەيۋەتلىك پىللار " پادىسى كېزىشەتتى.

بۇ پايانسىز چوڭ قۇرۇقلۇقتا " 64 مىليون كىشى" (تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى ئە. ئى.) ئالىي دەرىجىلىك پارلاق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

كەڭ، "تۆپتۈز يوللار" خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك هەممە تەرەپكە تۇتاشقاندى. يوللىرىغا سىلىق تاشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك جىپسا كەلتۈرۈلگەنكى، "ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئوتلارمۇ ئۈنۈپ

چاقالمايتتى" (پاسخا ئارىلى تابلىچكىلىرى ئا. ئى) شۇ زاماندا تىلغا ئېلىنغان 64 مىليون كىشى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان "ئون قەبىلە" ياكى "خەلق"كە بۆلۈنگەن بولسىمۇ " ھەممىسى بىر ھۆكۈمەتكە بويسۇناتتى " (كروئان قەدىمكى قولىيازمىسى. ئا. ئى).

شۇ دەۋردىن نەچچە ئەۋلاد بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلاپ، ئۇنى را دەپ ئاتاشقان. ئۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي راھبى ۋە ئىمپېراتورى بولۇپ " را – مۇ " (لاسا يىلنامىلىرى ۋە باشقا مەنبەلەر ئا. ئى) دەپ ئاتالغان. ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزى بولسا " قۇياش ئىمپېرىيىسى " دەپ ئاتالغان.

چوڭ قۇرۇقلۇقتا بىرلا دىن بولۇپ، كىشىلەر سىمۋوللا (مەنە بەلگىلەر) ئارقىلىق خۇداغا چوقۇنۇشاتتى، بارلىق كىشىلەر روھنىڭ ئۆلمەسلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ " پەيدا بولغان مۇقەددەس جايى " غا قايتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

خۇداغا بولغان ئېتىقاد شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، كىشىلەر ھېچقاچان ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلىشمايتتى. ئىبادەت قىلغاندا ۋە تىلەك تىلىگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭغا پەقەت سىمۋوللىكلار ئارقىلىق ئىلتىجا قىلىشاتتى. ئۇنى " را ـ قۇياش" (مايا ۋە تېكىستلەر. ئا. ئى.) دەپ ئۇلۇغلىشاتتى.

بۇ دەۋرىدىكى مۇ نىڭ خەلقى يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك ئىدى. بارلىق خەلقلەر مۇ نىڭ پەرزەنتلىرى ھېسابلىناتتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىگە بويي سۇنۇشاتتى.

مۇ نىڭ زېمىندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ئۇلار ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق بولۇپ، بەدەنلىرى ئاپپاق ياكى سارغۇچ، كۆزلىرى يوغان، مۇلايىم، قارا، يەنە سېرىق تەنلىك، قوڭۇر تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى (" تروئان قەدىمكى قول يازمىسى "، " كورنىكا قانۇنلىرى " ۋە باشقا مەنبەلەر. ئا. ئى)، قەدىمكى مۇ خەلقى ئاجايىپ ئۇستا دېڭىز سەيياھلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كېمىلىرى پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ " غەربىي ئوكياندىن شەرقى ئوكيانغىچە، شىمالىي دېڭىزدىن جەنۇبىي دېڭىزغىچە ئۈزۈشەتتى... ئۇلار بىناكارلىقتا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، تاشتىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلار ۋە سارايلارنى قۇرۇشاتتى " (ۋالمىكى. ئا. ئى)، ھەيۋەتلىك ھەيكەللەرنى ياسىشاتتى.

مۇ دۆلىتىدە دىن، ئىلىم - پەن مەركىزىي بولغان يەتتە ئاساسلىق شەھەر بار ئىدى. (" لىخاسا يىلنامىلىرى " ئا. ئى) ئۈچ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىدە يەنە نۇرغۇنلىغان شەھەر، يېزىلار بار ئىدى. مۇ دۆلىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىلىم - پېنى ۋە سودا سېتىق ئىشلىرىنىڭ مەركىزى ۋە بۆشۈكى ئىدى، يەر - زېمىندىكى باشقا بارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارام ئىدى.

شەھەرلەردە، كېسىلگەن تاشلاردىن ياسالغان ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەنىدى. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنى "يورۇق" ئىبادەتخانا دەپ ئاتىشاتتى. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۈستىنىڭ ئوچۇق بولۇشى، خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىنىڭ سىمۋولى بولغان را نۇرلىرىنىڭ ئىبادەتخانىغا توسالغۇسىز چۈشۈپ، ئىبادەت ۋە سەجدە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ باشلىرىنى يورۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى. " بايلارنىڭ كىيىملىرى نېپىز رەختلەردىن

تىكىلگەن. ئاجايىپ قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن بولاتتى، ئۇلار ھەشەمەتلىك سارايلاردا ياشايتتى. خىزمەتكارلىرى كۆپ بولاتتى " ("لىخاسا يىلنامىلىرى" ئا. ئى).

مۇ نىڭ كېيىنكى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قارام ئەللەر ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن يولۇچىلار ۋە يۈك توشۇيتتى. بۇ ئۇلۇغ دۆلەت تازا گۈللىنىپ، پۈتكۈل زېمىننىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ۋە سودا مەركىزىگە ئايلانغان. تاشتىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى ياساپ، گىگانت ھەيكەللەرنى تۇرغۇزغان ۋاقىتدا تۇيۇقسىز دەھشەتلىك يەر تەۋرەش يۈز بەردى. مۇ دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي رايونى يەرنىڭ چوڭقۇر ئاستىدىن كەلگەن قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن تىترەپ كەتتى. ئارقىدىن يەر تەۋرەپ ۋولقان ئېتىلدى.

چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى ئاستىدا قېلىپ، نۇرغۇن شەھەرلەر ۋەيران بولدى. ۋولقان ئوت - تۈتەك ۋە لاۋا پۈركەيتتى. مەملىكەت زېمىنى تۈزلەڭ بولغانلىقتىن لاۋا ئېقىپ كېتەلمەي، جايىدا يىغىلىپ قېلىپ كونۇس شەكلىنى ھاسىل قىلدى. بۇنىڭدىن تاغلار ھاسىل بولدى. بۇنداق تاغلارنى ھازىرمۇ جەنۇبىي ئاراللاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن (پاسخا ئارىلى ۋە باشقا ئاراللا. ئا. ئى). ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋولقانلار ھەرىكىتى توختاپ ۋولقانلار بېسىقتى.

ۋولقانلارنىڭ ئېتىلىشى توختىغاندىن كېيىن، مۇ دۆلىتىنىڭ خەلقى ۋەھىمىدىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى. ۋەيران بولغان شەھەرلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سودا - سېتىق ئىشلىرى قايتىدىن باشلاندى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ يۈز بەرگەن ۋەقە قەدىمكى تارىختا ئايلانغان چاغدا مۇ يەنە قايتىدىن يەر تەۋرەشنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. " پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇق خۇددى ئوكيان دولقۇنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك كۆتۈرۈلۈپ چايقالدى، يەر خۇددى بوراندا قالغان يوپۇرماق كەبى تىترەپ لەرزىگە كەلدى. ئىبادەتخانىلار، سارايلار ئابىدە ۋە ھەيكەللەر ئۆرۈلدى، شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلاندى ". (" كروگان قەدىمكى قولىيازمىسى"، "كورتىسا قانۇنلىرى" ۋە "لىخاسا يىلنامىلىرى ئا. ھې")

يەر بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسلەيتتى، تەۋرىنەتتى، تىترەيتتى. يەر ئاستىدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىپ، بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن ئوت يالقۇنىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ مىلغا يېتەتتى. كۆكتە ئۇلار ئاسماننى قاپلاپ چېقىۋاتقان چاقماق ئۇچقۇنلىرى بىلەن تېگىشەتتى. پۈتكۈل يەر-جاھاننى قاپقارا قويۇق ئىس-تۈتەك قاپلىغانىدى. ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ تۈزلەڭلىكنى بېسىپ كەتكەنىدى. گېرىك تېكىستلىرى ئا. ئې كىشىلەر قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ھالاكەتكە مەھكۇم بولغانىدى. "مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ نالە-پەريادى زېمىننى قاپلىغانىدى. كىشىلەر ئوت دېڭىزى ۋە ئىس - تۈتەكتىن پاناھلىنىپ ئىبادەتخانىلار ۋە قەلئەلەرگە قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن، قىممەت باھالىق ئۈنچە - ياقۇتلارنى تاقىغان ئەر - ئاياللار "مۇ. بىزنى قۇتقۇز!" دەپ ئىلتىجا قىلاتتى. (لىخاسا يىلنامىلىرى ئا. ئى)

پۈتكۈل ئاسماننى قاپلىغان ئىس ــ تۈتەكلەرنىڭ سەل ئاستىدىكى ئۇيۇقتا پېتىۋاتقان قۇياش كۆرۈنگەندە، ئۇ خۇددى قىپقىزىل ئوت شارىغا ئوخشاپ قالغاندى. قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. قاراڭغۇلۇقنى بەزى ــ بەزىدە چاققان چاقماقنىڭ ئۇچقۇنلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

"بىر كېچە ئىچىدە" "كۆتكى قانۇنى" ۋە "تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى" ئا. ئې پۈتكۈل قۇرۇقلۇق پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقىرىپ ئوكيانغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئوت دېڭىزغا ئۇرۇلغان ھالدا ئۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ دوزاخ ئاغزىغا يېقىنلاپ باردى. پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بۇ زېمىن ئوت دېڭىزىغا پۈركەنگەن پايانسىز چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ كەتكەندە "ئۇنى ئوت يالقۇنى قوينىغا ئالغاندى" مىكىر تېكستلىرى ئا. ئې يالقۇن ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كەتتى. "مۇ ۋە ئۇنىڭ 64 مىليون ئاھالىسى قۇربانلىق بولغاندى". روئان قەدىمكى قولىيازمىسى ئا. ئې

مۇ ئوت قاينىمىغا غەرق بولغاندىن كېيىن قۇدرەتلىك بىر يېڭى كۈچ ـــ 50 مىليون كۋادرات مىل سۇ بېسىپ كەلدى. ھەممە تەرەپتىن گىگانت دولقۇنلار، سۇدىن ھاسىل بولغان تاملار ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ يۈرىكى بولغان جايدا دوقۇرۇشۇپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ قاينايتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان بەختسىز مۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى، ئىبادەتخانىلىرى، سارايلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ سەنئىتى ئىلىم ــ پېنى بىلەن

بىللە ئۆتمۈشنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. ئوكيان سۇلىرى ئۇنىڭغا كىپەنلىك بولدى. چوڭ قۇرۇقلۇق مۇ مانا شۇنداق ھالاك بولدى.

بۇ ھالاكەت، يەر شارىدىكى تۇنجى قەدىمى بولدى. بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ھالاكتى 13 مىڭ يىل مابەينىدە پۈتكۈل يەر شارىنى تۇن ئىلكىدە قالدۇردى. بىز بۇ تۈن پەردىسىنى قىسمەن ئاچتۇق. لېكىن يەنە نۇرغۇن مەدەنىيەت مەركەزلىرى تېخىچە سىر ھالىتىدە تۇرماقتا.

چوڭ قۇرۇقلۇق پارچىلارغا بۆلۈنۈپ چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە، سۇ ئۈستىدە ئانچە چوڭ بولمىغان قۇرۇقلۇقلار ساقلىنىپ قالدى. بۇ جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەردىن بولغان. بۇ ھەقتە كېيىنچىرەك توختىلىپ ئۆتىمىز.

دېڭىز سۈيى چوڭ قۇرۇقلۇقنى، ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، خۇددى بۇ تىنچ ئوكيان ئىدى. يەر شارىدا بۇنىڭدىنمۇ مەسخىرىلىك جۇغراپىيە ئاتالغۇسى بولمىسا كېرەك!

قالغان بارلىق ئاراللار ۋە مارجان ئاراللار، ئەمدى بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان لاي سۇنىڭ ئاستىدا ياتقان ـــ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى بولغان چۆكۈپ كەتكەن مۇ دۆلىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئامان قالغان ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇشقان. ئۇلارنىڭ نە قورال - نە سايمانلىرى نە كىيىمى، نە بىر پاناھلانغۇدەك جاي ۋە نە يېمەك ـ ئىچمىكى قالمىغان، پەقەت ئالىقاندەك يەرلا قالغانىدى. بۇنداق ھالدا قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس

ئەمەس. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىنىڭ كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدىغان ۋەقەدىن ئېسىگە كېلەلمەي ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغانلىقى تۇرغانلا گەپ؛ قالغانلىرى بۇنداق ئازابتىن تېرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن خۇدادىن ئەجەل تىلەپ ئىلتىجا قىلىشقانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن هايات قېلىش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ياۋايى هالەتكە چۈشۈپ، هېچبولمىغاندا مەلۇم مەزگىلگىچە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى.

ئۇلارغا كىيىم بولالايدىغىنى پەقەت هايۋان تېرىسى ـــ ئارالدا قالغان ناهايىتى ئاز هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر يوپۇرماقلىرى ئىدى. ئۆزىنى قوغداش ۋە هۇجۇم قىلىش قوراللىرى پەقەتلا تاش، نەيزە ئوقيا ئىدى. سايمانلارنى چاقماق تاش ۋە قۇلۇلە قاپلىرىدىن ياساشقا توغرا كېلەتتى. شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، نۇرغۇن ئادەملەر ۋەهىمە، سوغۇق ۋە ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ تېنى بولسا هايات قالغانلارغا ئوزۇق بولغان. شۇنىڭ بىلەن كاننىبالىزم ـــ ئادەمخورلۇق، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان ۋەهشىيلىك پەيدا بولغان. بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسخورلىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ياۋايىلىق هالىتىگە چۈشۈپ قېلىشقان. بۇ ئەهۋال تا يېقىنقى زامانغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ مەسىلىدە ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولامدۇ؟ بۇنىڭغا كىتابخان ئۆزى بىر نېمە دېسۇن. بۇ ئالىي مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئوزۇقىغا بولغان نەپرەت ۋە يىرگىنىشنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بىزنى پەقەت، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى بۇنداق ۋەهشىيلىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن دېگەن قاراش خاتىرجەم قىلالىشى مۇمكىن، خالاس. بىراق، نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن بۇ بەختسىز ئارال خەلقى بارغانسېرى

چۈشكۈنلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدىكى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرى تەدرىجىي خىرەلىشىشكە يۈزلەندى ۋە ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ۋەتىنىنى يەر يۈزىدىن يۇيۇپ تاشلىغاندەك، قەدىمكى سەلتەنەت ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

مۇ غا بېقىندى دۆلەتلەر ئۆز مېتروپولىيىسىنىڭ مېتروپولىيە ــــ باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان چوڭ دۆلەت. مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئايرىلغاندىن كېيىن تەدرىجىي چېكىنىپ ئاخىر خاراب بولدى. ئۇلارنىڭ خارابىلىكلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا يېڭى مەدەنىيەت پەيدا بولدى.

## ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى

ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى مۇ غا قارام ئاساسلىق دۆلەت ئىدى. جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇندىن 17000 يىل بۇرۇنلا يۈكسەك مەدەنىيەت پەللىسىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكياندىن باشلىنىپ، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كاسپى دېڭىزىدىن ئۇزاققا ياكى غەربىي ياۋروپاغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ بېرىتانىيە ئاراللىرى تېخى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلمىغان چاغ ئىدى.

ئۇيغۇر دۆلتى جەنۇبىي چېگرىسى كوخىنخىن، بېرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيىنىڭ شىمالىي چېگرىسى بىلەن تۇتىشاتتى. بۇ چاغدا تېخى ھىمالايا ۋە ئاسىيادىكى باشقا تاغلار پەيدا بولمىغانىدى.

بۇ دۆلەتنىڭ زېمنى سىبىرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ نەگىچە سوزۇلغانلىقىنى ئېنىق قىياس قىلىشقا ئاساس تېپىلغىنى يوق. سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ياۋروپاغا يەتكەن. خۇددى ئەڭ قەدىمكى هىندى تېكىستلىرىدە ئىسپاتلاپ ئۆتكەندەك، ئۇلار كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇ يەردىن داۋاملىق مەركىزىي ياۋروپاغا ئىلگىرىلەپ تاكى ئۇنىڭ غەربىي چېگرىسى ئىرلاندىيىغىچە يېتىپ بارغان.

ئۇلار ئىسپانىيىنىڭ شىمالىي قىسمى، فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە پۈتكۈل بالقان يېرىم ئارىلىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆزلەشتۈرگەن. ئىنسانلارنىڭ ئاسىيادا پەيدا بولغانلىقىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپاغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى گوبى چۆللۈكىنىڭ ھازىرقى خاراخوتو دېگەن جايىغا جايلاشقان. ئۇيغۇر دۆلتى دەۋرىدە گوبى چۆللۈكى ئىنتايىن مۇنبەت زېمىن بولغان. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەنىدى، ئۇلار ئاسترولوگىيە، ئىلمىي نۇجۇم كانچىلىق، توقۇمچىلىق، بىناكارلىق، ماتېماتىكا، يېزا ئىگىلىك، خەتتاتلىق ۋە باشقا ئىلملەردىن خەۋەردار ئىدى. ئالتۇن، كۈمۈش، برونزا (تۇچ) ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسىشاتتى. بۇ مىسىر سىۋىلىزاتسىيىسى پەيدا بولۇشتىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىشلاردۇر.

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى مۇ نىڭ ئوكيانغا چۆكۈپ كېتىشىدىن بۇرۇن يوقالغان. قالغان قىسمى مۇ نىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن يوقالغان.

پروفېسسور كوزلوۋ خاراخوتادا 10 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى قەبرىنى قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى بايقىغان. ئۇ ئۇلارنى رەسىمگە تارتىۋالغان، چۈنكى ئۇلارنى ئېلىشقا، ھەتتا تۇتۇپ بېقىشقا رۇخسەت قىلىشمىغان. مەن بۇ فوتو سۈرەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ ئىككى پارچە فوتو سۈرەت چوڭقۇر سىمۋولغا ئىگە بولغانلىقتىن، مەن بۇ يەردە ئۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن. مەن بۇ سۈرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ بۇندىن 16000-18000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن. بىرىنچى سۈرەتتىكى يىپەك رەختكە سىزىلغان رەسىمدە ئولتۇرغان ئايال پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىنى كۆرىمىز. ئالدى بىلەن ئايال پادىشاھنىڭ سىمۋوللىكلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۈچ چىشلىق تاج بولۇپ، تاجنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دانە دەستىسى چۈشۈرۈلگەن دىسكىنى (چەمبەر) كۆرگىلى بولىدۇ. ئايال پادىشاھنىڭ ئارقىسىدا چوڭ چەمبەر بولۇپ، بۇ "كىچىك قۇياش"، چوڭ چەمبەر مۇ نىڭ، كىچىك چەمبەر بولسا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىمۋولى. بېشىدىكى تاج پەقەت بىر تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش، بۇ ئىمپېرىيە قارام دۆلەتنىڭ توتېم قالقىنىدىن ئىبارەت. ئايال پادىشاھ سول قولىدا سكىپېتىر تۇتقان، سكىپېتىرنىڭ ئۇچى ئۈچ قىرلىق كەلگەن. ئۈچ قىر ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانىنىڭ سىمۋولى.

ئايال پادىشاھ ئېچىلىپ تۇرغان مۇقەددەس نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان. نىلۇپەر ئىنسانىيەت ۋەتىنىنىڭ سىمۋول گۈلى: مۇنداقچە ئېيتقاندا ئايال پادىشاھ مۇ نىڭ ھىمايىسىدە تەختتە ئولتۇرماقتا.

ئايال پادىشاھنىڭ ھەمراھىنىڭ رەسىمدە نە سكىپېتىر، نە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش يوق، قۇياشنىڭ ئورنىدا چەمبەر بار. ئۇنىڭ تاجىسىدىمۇ ئىنسانىيەت قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانى ئىپادىلەنگەن.

كوزلوۋ سكىپېتىر ھەر خىل شەكلىنى سۈرەتكە تارتىۋالغان. سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن سكىپېتىر ئايال پادىشاھنىڭ قولىدىكى سكىپېتىرغا ئوخشىمايدۇ. بۇ سكىپېتىرنىڭ كېيىنكى ۋارىيانتى بولسىمۇ لېكىن سىمۋولىكىلار ئوخشاش بولۇپ سكىپېتىرنىڭ ئۇچى ئۈچ بۇرجەك كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانى.

شۇنداق قىلىپ، ئاسىيا، ئامېرىكا، جەنۇبىي دېڭىزلار ۋە يېڭى زېلاندىيە ئاراللىرىنىڭ سىمۋوللىرى بۇ يەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەر بىلەن توغرا كەلمەكتە. بۇنىڭدىنمۇ روشەن ۋە قايىل قىلارلىق دەلىل-ئىسپات تېپىش مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنى قەبرىسىدىن چىقىپ ئۆز دۆلىتى ۋە باشلىرىغا كەلگەن پاجىئەنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە.

## يەر شارىدا ئىنسانلار پەيدا بولغان جاي

پولكوۋنىك چېرچۋارد تەتقىقات ئارقىلىق ئىنسانلار يەر شارىدا دەل مۇ نىڭ زېمىندا پەيدا بولغان دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇنى، رىۋايەتلەر،

يازما مەنبەلەر، قەدىمكى يېزىقتىكى ئابىدىلەر ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال ئۈستىدىكى تەھلىل-تەتقىقاتلار ئىسپاتلانغان. مۇ زېمىننىڭ جايلاشقان ئورنىغا كەلسەك بارلىق مەنبەلەر بىرلا "ئادرېس" نى - ئامېرىكىنىڭ غەربىنى، ئاسىيانىڭ شەرقىنى، يەنى تىنچ ئوكيانىنى كۆرسەتمەكتە.

"مۇ نىڭ مەنشۇى ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە ماددىي قالدۇقلار تېپىلغان ئاراللارنى خەرىتىدە بەلگىلەپ چىققاندىن كېيىن، مەن شۇ ئاساستا مۇ نىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئورنى ۋە شەكلىنى تۇرغۇزۇشقا تىرىشتىم.

هازىرقى پاسخا ئارىلىنى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۇچى قىلىپ، توڭاتاپونى غەربىي جەنۇبى، مارجان ئاراللىرىنى غەربىي شىمالى، هاۋاينى بولسا شىمالى قىلىپ بېكىتتىم. غەربىي شىمال لىنىيىسى بولسا بەلگىلەنمىدى. قۇرۇقلۇق مۇ نىڭ ئۈچ قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، بۇ قۇرۇقلۇقلارنىڭ تار دېڭىزلار ۋە بوغازلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقى هەر خىل تېكىستلەردە كۆرستىپ ئۆتۈلگەن. لېكىن بۇ دېڭىز ۋە بوغازلارنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭ بىردىنبىر ئاچقۇچى مىسىردىن تېپىلغان قەدىمكى رەسىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈچ تار ئارال سىزىلغان.

جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى هەققىدىكى ئىنتايىن قىزىقارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى فرېدېرىك ئوبرايىن مۇنداق دەيدۇ: "دارۋىن نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئاراللارنى چۆكۈپ كېتىپ، شەكىستلەنگەن گەۋدىسى تىنچ ئوكيان ئاستىدا مىڭ چاقىرىملاپ سوزۇلۇپ ياتقان چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ

چوقۇملىرى دېيىشكە بولىدۇ. غايىپ بولغان زېمىن مۇ ــــ ئۆزىنىڭ كوچىسىنى ساقلاۋاتقان ئېپوس، شۇنداقلا ئۇ بەلكىم مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان سىردۇر."

ھەشەمەتلىك ھەيكەل ـ ئابىدىلەر، تاشلارغا ئويۇلغان شەكىل ۋە ئېروگلىفلار، ئۆرپ-ئادەت ۋە تىل ساقلىنىپ قالغان: ئاجايىپ رىۋايەتلىرى بىلەن بىللە ئارال خەلقى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار بەلكىم، نەچچە يۈز مىڭ يىل بۇرۇن ئاسىيا ياكى ئافرىقىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بۇندىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ئۇلارنى چوڭ دۇنيانىڭ ئادەملىرى تېپىشقانىدى. مانا ئەمدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يات بولغان مەدەنىيەت بىلەن پاجىئەلىك دوقۇرۇشۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ھالاك بولماقتا. ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى جانلىق ئالاقىمىز يوقالماقتا. مەن ئۇلار مەڭگۈ يوقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

جەنۇبىي دېڭىزدىكى خارابىلىكلەر بىلەن رىۋايەتلەر بۇ ئاراللاردىكى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى ياۋايى ۋە يېرىم ياۋايى ھالىتىگە قارىماستىن، ئۇلارنىڭ بۇرۇن-بۇرۇنسىدىن تارتىپلا ئۇنداق بولماي، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ۋە گۈللەنگەن خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تارىختىن بۇرۇنقى قەدىمكى بىر زامانلاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قېتىملىق زور بەختسىزلىككە يولۇققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئالىملار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاسىيادا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، گەرچە بۇنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي دەلىل-ئىسپاتى يوق بولسىمۇ، بۇ كىتابىمدا مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ زادى قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ كۆرمەكچىمەن.

فرېدېرىك ئوبراينىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ پولىنزىيە گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئاراللاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققانلىقىدۇر.

ئۇندىن باشقا، مېكسىكا بىلەن مەركىزىي ئامېرىكىنىڭ مۇ نىڭ مۇستەملىكىلىرى ئىكەنلىكى ۋە شۇ يەردىن كەلگەن كىشلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى رىۋايەتلەرمۇ ئىسپاتلايدۇ. مۇ دىن كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى مۇستەملىكچىلەر سېرىق چاچلىق، ئاق تەنلىك كىشلەر بولغان. بۇ كىشلەر كېيىنچىرەك باشقا ئىرق ئاق تەنلىك قارا چاچلىق كىشلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان. سېرىق چاچلىق كىشلەر ئۆز كېمىلىرىدە كۆپ چىقىش، يەنى شەرق تەرەپتىكى يىراق يەرگە ئاتلانغان ھەم ياۋروپانىڭ شىمالى ھازىرقى سكاندىناۋىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مايا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، جەنۇبىي ياۋروپا، كىچىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىلار مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە ئۇ يەرلەرگە خۇددى، مايا، مەركىزى ئامېرىكا ۋە ئاتلانتىداغا ئوخشاشلا قارا چاچلىق ئىرق ئولتۇراقلاشقان. ئاپتورنىڭ رۇخستى بىلەن مەن فرېدېرىك ئوبراينىڭ

"جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاق كۆلەڭگىلەر" ناملىق قىزىقارلىق كىتابىدىن بىر نەچچە پارچىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. مانا بۇ پارچىلار:

"بۇ زېمىنغا ئاق تەنلىك كىشىلەر (ھازىرقى بولىنىزىيەدە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئىرق) كەلگەن، چوڭ قۇرۇقلۇق قۇياش ۋە يۇلتۇزلار دىداردىن ئايرىلغان چاغدا، تايىتى ۋە ماركىز ئاراللىرىغا ئوخشاش ئاراللارغا ئايلىنىپ قالغان بۇرۇنقى تاغ چوققىلىرى ۋە ھايات قالغان كىشىلەر ھېسابسىز ئۇزاق يىللار مابەينىدە باشقا دۇنيادىن ئايرىلغانىدى.

بۇ ئاراللار ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىدىن ئايرىلغان ھالدا، تاش قوراللار دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ياشىغان ۋە كۆپەيگەن. ئۇلار بۇ يەردە بىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ دەسلەپكى ئادەتلىرىنى- ئىپتىدائىي دەۋرگە مۇناسىپ بولغان ياۋايى ۋارۋارلارچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە".

## ھونلار، ياپونلار ۋە ئۇيغۇرلار

ھونلار ملادى 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن ملادىنىڭ 5- ئەسىرلىرىگىچە (ئىككى مىڭ يىل) بولغان ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىنىڭ سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان چوڭقۇر تەسىرلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. ملادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ تارىختا 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسى (ملادىدىن بۇرۇنقى 207- يىلدىن

مىلادىنىڭ 216- يىلىغىچە)، 170 يىل هۆكۈم سۈرگەن غەربىي هون ئىمپېرىيىسى (مىلادى 46- 216 يىللار)، 95 يىل هۆكۈم سۈرگەن ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى (375 – 469- يىللار) قاتارلىق ئۇلۇغ ئۈچ ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن ئاجايىپ خاتىرىلەر قالدۇرغان.

تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ بىرى بولغان هونلار ئەڭ قەدىمكى چاغدىن باشلاپ ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا، چۇغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ۋە جەنۇبىدا ياشىغان.

هازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە "هون" سۆزى "كۇن" سۆزىدىن چىققانلىقى مەلۇم.

قەدىمكى چاغلاردا هونلارمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ھەممىگە مەلۇم بولغانىدەك قامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، قامان دىنى بويىچە " كۇن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش " مۇهىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، قەدىمكى چاغلاردا هونلار ئۆزلىرىنى " كۇنلەر " دەپ ئاتاشقانىكەن. " كۇن " سۆزى كېيىنكى كۇنلەرگە كېلىپ "هون" سۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

تۈركىيلىك پروفېسسور ئا. زەكى ۋەلىدى توغانمۇ "هون" ئاتالغۇسىنى "كۇن" دەپ يازىدۇ. يەنە باشقا تارىخىي مەنبەلەردىمۇ "هون" سۆزىنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېيتىلىدۇ.

قەدىمكى چاغدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنى شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن "هون" سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن.

ملادى 5- ئەسىرنىڭ بېشىدا (420- يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كەلگەن ئاق هونلار باكتىرىينى بېسىۋېلىپ هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا هۇجۇم قىلىپ كۇشانلارنىڭ كۈچلىرىنى يوقاتقان. ئاق هونلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن روما تارىخچىسى فروكوفىيس ئۇلارنى "ئاق هونلار" دەپ يازغان. 5- ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىلىرى كۇشانلار بىلەن ئېفتالىتلارنى (ئاق هونلار) "بىر-بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ" دېگەن. چۈنكى، كۇشانلار بىلەن ئېفتالىتلار (ئاق هونلار) ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن ئىدى. بۇنى " تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە " دىكى مەلۇماتمۇ ئىسپاتلايدۇ. يىلنامىدە مۇنداق دېيىلگەن: " ئېفتالىتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن كېلىپ چىققان" تارىختا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەنلا ئەمەس. بەلكى توخارىستان، كۇشان ئىمپېرىيىسى، ئاق هونلار (ئېفتالىتلار) ئىمپېرىيىسى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى يۈكسەك، باي مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر.

تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى چاغلاردا دۈشمەننى (بۇ سۆز پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن) " ياۋ " دەپ ئاتايتتى. " ياۋچى " دېگەن ئىسىم

ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئۇرۇشقاق، ئۆز قوشنىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ناھايىتى جەڭگىۋارلىقىغا قاراپ قويۇلغانىكەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا "ئاخۇن" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن بەلكى "ئاق ھون" سۆزىنىڭ "ئاخۇن" سۆزىگە ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئاق ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلماس بۈيۈك نەسەبنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىشنى لايىق كۆرگەن. مەسىلەن: مەمەت ئاخۇن، ساۋۇت ئاخۇن، دەپ قوللانغان. ئەسلىي بۇ ئىسىملار مەمەت ئاق ھون، ساۋۇت ئاق ھون بولۇپ "ئاق ھون" سۆزى "ئاخۇن" غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشى بولغان ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى "ئاخۇنجان ئاكا" دەپ ئاتىشمۇ ئەسلىي "ئاق ھون جان ئاكا" سۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ ئېيتىلىشىدۇر.

ئەمدى بىز ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىۋاتقان "ياپون" سۆزى ئەسلىي "ياۋا ھون" سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇش مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ياپونلار ئۆز دۆلىتىنىڭ نامىنى ياپون تىلىدا (日本 نىپپون) بولۇپ سۆزىنىڭ ئوقۇلۇشى ئادەتتە ئېغىز تىلىدا "نىپون" ئەدەبىي يېزىقتا "نىخون" دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى "كۈن كۆتۈرۈلگەن جاي" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن "كۈن" دەل بىز يۇقىرى ئېيتقان "ھون" سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى بولۇپ بۇ يەردىكى "ھون" ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ياپون تىلىدىكى

ئۈچ چوڭ شىۋىنىڭ بىرسى يەنى خوككايدۇ شىۋىسى ئالتاي تىلىغا مۇناسىۋەتلىك شىۋە بولۇپ ياپون تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن بولغان ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن، جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا كېلىش قوشۇمچىلىرىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار. ياپونلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. خوككايدۇ ئارىلىدا ياشاۋاتقان ياپونىيىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مىللىتى شۇنداقلا ياپون مىللىتىنىڭ يىلتىزى بولغان ئەينۇ (ئائىنۇ) لار بولۇپ ئۇلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى هازىرقى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنى موڭغۇلىيە دالاسىدىن كەلگەن دېسە، بەزىلەر ئۇلارنى ئوكياندىن كەلگەن دەيدۇ يەنە بەزىلەر ئۇلارنى قەدىمكى ئاسىيالىقلار دەپ قارايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش، كىيىم ـ كېچەكى، مۇقەددەس ئۇسۇللىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيە دالاسىدىن بولسۇن ياكى ئوكيان ئادىمى بولسۇن بىردەكلا هونلار بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. چۈنكى، ياپونلار تا هازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا "كۈن" نى چۈشۈرۈپ ئالغان بۇ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇلار "مۇ" قۇرۇقلۇقىدىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى يەنى "قۇياش ئىمپېرىيىسى" بىلەن موڭغۇلىيە دالاسىدىكى قەدىمكى هونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ هۆكۈم قىلساق خاتا بولماس. چۈنكى، قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان "مۇ" قۇرۇقلۇقىدىكى قۇياش ئىمپېرىيىسى ۋولقان پارتىلاش ۋە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن گۇمران بولۇپ هالاكەتكە ئۇچرىغاندا 64 مىليون ئاهالە قۇربان بولغانىدى. هايات قالغان ئاهالىلەر ئۆزلىرىگە نىجاتلىق ئىزدەپ ئەتراپتىكى باشقا ئاراللارغا ماكانلىشىشقا مەجبۇر بولغان،

هازىرقى زامان تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ قىياسچە تىنچ ئوكياندىكى بۇ يوقالغان قۇرۇقلۇق 2050- يىلى يەنە قايتىدىن بارلىققا كېلىش مۇمكىن دەپ قىياس قىلماقتا. يەنە بۇ يەردە شۇنى يەرەكلىك هالدا قەيت قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىنىڭ تىل تەتقىقاتى كىتابى دەستۇر بولغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەهمۇد قەشقىرىنىڭ " تۈركىي تىللار دىۋانى " دا ياپونىيە خەرىتىسىنىڭ سىزىلىشى ۋە يەر شارى مىقياسىدا تۇنجى قېتىم خەرىتىگە چۈشۈرۈلۈپ "جابىرقا" دەپ ئىسىم قويۇلۇشمۇ مېنىڭچە تاسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك دەپ قارايمەن.

ياپونلار خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىپەك يولى تەتقىقاتىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا شۇنداقلا ياپونىيىدە كەڭ كۆلەمدە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيتى، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخىغا بولغان بۇنداق قىزغىنلىقلار مېنىڭچە ئاساسسىز بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

قان تىپى جەهەتتىمۇ تەتقىق قىلغاندا ئارىيانلار شۇنداقلا نېمسلار، ياپونلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ A قان تىپىغا كىرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. هازىرقى زامان ئارىيانشۇناس ئالىملار ئارىيانلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ئورتاق بولغان مۇنداق بىر پىكىرگە كەلدى. يەنى "ئارىيانلار هونلار بىلەن بىردۇر. تۈركلەر هونلارنىڭ قېرىندىشىدۇر" دېگەن يەكۈننى فورمىلاشتۇرۇپ مۇنداق تەڭلىمە چىقاردى.

ئارىيان = هون = تۈرك = ئۇيغۇر

ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ئىسپاتلارغا ئاساسەن بۇ تەڭلىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بوش قالغان ئورۇنغا ياپونلارنى قويۇپ يەنە بىر بوشلۇق قويۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم. يەنى:

ئارىيان = هون = تۈرك = ئۇيغۇر = ياپون

ئەگەر پۇرسەت بولسا بۇ تەتقىقاتنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ يۇقىرىقى تەڭلىمىنىڭ بوش ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشىمەن.

(هاجى قۇتلۇق قادىرنىڭ بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى (ئېتنىك مەنبەسى) توغرىسىدا

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

تورد ىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=201

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ـــــ شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بىر مۇنچە تارىخى مەسىلىلەرگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تۈردە چېتىلىدۇ. تارىخشۇناسلار بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. خېلى نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنغان، ئىلمى ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئەھلىلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىلمى قاراش شەكىللەنگىنى يوق. مەسىلەن، بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى يەنى ئېتنىك مەنبەسى تەتقىق قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارغا، گو يىڭدې يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، لىيۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، مەرھۇم لىيۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى»، بى چاڭپۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، خاملتون يازغان «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار»، لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ۋە ياڭ شېڭمىن يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئىلمى ئەسەرلەر، ئۇندىن باشقا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي

پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمى ژۇرنىلى» قاتارلىق ئىلمى ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمى ماقالىلەرنى كۆرستىپ ئۆتتۈشكە بولىدۇ.

1980- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان « ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان ئىلمي ماقالىلەرنىڭ ئاساسي نۇقتىئىنەزەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1981- يىلى 30- ئىيۇلدىكى سانىغا بېسىلغان ماقالىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھەقتىكى تۆرلۈك كۆز قاراشلارنى ئالتە خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مەن ئەنە شۇ قاراشلاردىن، بىر-بىردىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىلنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر ــــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى مىلادى 840- يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ( 744- 840) قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېين ئۇرۇش، كېسەللىك ۋە تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن غەربكە كۆچكەن دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر شىنجاڭدىكى يەنى تارىم ئويمانلىقدا 840- يىلدىن ئىلگىرى ياشايدىغان خەلقلەر تۆركى تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشەتتى، گەرچە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى يەرلىك خەلقلەردىن ئاز بولسىمۇ تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە پسىخولوگىيىسى ئوخششىپ كەتكەچكە، ئۇلار يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئاسانلا قوشۇلۇپ كەتكەن دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر ــــ ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا 840- يىلدىن ئىلگىرى، ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىلا ياشىغان ئەڭ قەدىمي خەلق دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئالدىنقى ۋە كېيىنكى

«خەننامە» نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياقىلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ سانىنى ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرىدۇ. «تەزكىرە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم. ھالبۇكى ئورخۇن ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندىمۇ 100- 200 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولغان. بۇلار سان جەھەتتىمۇ مۇتلەق ئازچىلىقنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، سان جەھەتتىن كۆپ بولغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋالغان دەيدىغان كۆز ـ قاراش پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل كۆز ـ قاراشقا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى 1981-يىل 1- سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى يېڭى مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىنى، ئۇيغۇرچە نەشرى 1982- يىلى 2- سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشقا ئوخشىمايدىغان قاراشلارمۇ بار. مەسىلەن: تارىخچى گۇ باۋ ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ۋە «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئۈچ پارچە ئىلمى ماقالىسىدە: «مىلادى 3- ئەسىردە شىنجاڭدا ماكانلاشقان دىڭلىڭلار، مىلادى 5- ئەسىردە ياشىغان تېلېلار ئۇزاق تارىخى جەريانىدا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن»، «مىلادى 5- ئەسىردە دىڭلىڭلار يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەڭ جەنۇبى شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان،

جەنۇبى شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ جايلار مۇشۇ مەزگىلدە تېلېلەشكەن» دەپ قارىغان. مۇ گۇاڭ ۋېن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى ۋە ماكانى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئىلمى ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادى 4- ئەسىرگىچە ياشىغان دىڭلىڭ ۋە ئوغۇزلارنى ئېتنىك مەنبە قىلغان دەپ ھېسابلىغان. چىڭ شولو ئەپەندى بولسا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى ھەققىدە» ناملىق ئىلمى ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتىغا دائىر رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلار دى (دىھار)- قىزىل دى – دىڭلىڭ – تېلې - ئۇيغۇر دېگەن تەرتىپ بويىچە كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشنى تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما تۈرۈكلەر بىلەن ھونلارنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇد. بەزى ئالىملار تۈرۈكلەرنى تىل (دى، دىڭلىڭ، تېلې) دىن كېلىپ چىققان دېسە، يەنە بەزىلەر، ھونلاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلار بولسا تۈرۈكلەرنى ساكلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان تىگراخائۇدا (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) بىلەن تېلې قەبىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قان ئارىلىششىدىن تەدرىجي شەكىللەنگەن دەپ ھېسابلايدۇ.

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ نامى ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە تۈرلۈك ئاھاڭ تەرجىملىرى بويىچە ئاتالغان.

مەسىلەن: ئالدىنقى چىن دەۋرىدە دى (狄)، خەن دەۋرىدە دىڭلىڭ (丁零 ئەينى چاغدا تىڭلىڭ دەپ ئۇقۇلغان)، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە تېلې (铁勒)، ۋېيخې، يۈەنخې؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخې، خۇيخۇ دېگەن ناملار داۋاملىق قوللىنىلغاندىن سىرت، يەنە ۋۇگۇ، ۋەي ۋۇ ئېر، ۋەي گۇئېر، ۋەي ۋۇ قاتارلىق ئون نەچچە خىل نام بىلەن؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان ناملاردىن سىرت، خۇيخۇي دېگەن نام بىلەن؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چەنتۇخۇي دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە بۇلارنى بىر خىل نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋرلەردىكى ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان نام دەپ قاراشقا بولىدۇ. لىۋ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا، قەدىمكى چاغدا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا كۆپ ھاللاردا «ڭ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، مەسىلەن ئەينى چاغدا «丁» (ting) ئۇقۇلۇشقا تېگىشلىك خەتنىڭ «تې» (té) دەپ؛ «轻» (king) خېتى «ki» دەپ؛ «龙» خېتى «Lu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان؛ «تىل» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچىدىكى ئەتىل ياكى ئېتىل(دەريا) دېگەنىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇش ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىنلىقىنى ۋە «ت» بىلەن «دى» ئۆز - ئارا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز قەدىمكى تۈرۈك تىلىدىكى مەنسەپ نامى «شاد» ئوقۇلۇشتا «شاد» دەپ، ئەرەپ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن «قەد»دېگەن سۆز «قەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «دى»، «دىڭلىڭ»، «تېلې» دېيىلگەن ناملارنىڭ «تىل» ياكى «دىل» دېگەن

نامىنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. تەتقىقاتچى شۆ زۇڭجېڭمۇ «دىڭلىڭ» نىڭ قەدىمدە «دىل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان.

دىللار ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ئەمنىيە (چۈنچيۇ) دەۋرىدە يېزىلغان «زۇجۇەن» («زو چيۇمىڭ تەزكىرىسى ») تەزكىرىسىدە «جىن دۆلىتىنىڭ لەشكەر بېشى شۈن ۋۇنىڭ قوشۇنى داچى دېگەن جايدا دى (دىلى) لارنى مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن. داچى ھازىرقى تەييۈەن رايونى بولۇپ، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن دىللارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالى تەرىپىدە ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سۇ بېيخەي يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدە، بەش دەۋر (بەش خۇ - غۇز)، 16 خانلىق (304 - 439) دەۋرىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئارىسىدا «دى» (翟 بۇ خەت قەدىمكى چاغدا دى دەپ ئوقۇلغان)، شيەن يۈ (鲜于)، لۇ (洛)، چۇ دەپ ئاتالغان ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپلۈكى ئۇتتۇرغا قويۇلغان ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن دىل (دىڭلىڭ) دېگەن نام «دى» ئۇرۇقىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى بولغان دىل (دى، دىڭلىڭ) لار ئېدىرلىق، دالالاردا كۆپىنچە ھارۋىلاردا يول يۈرۈشنى ياقتۇرغاچقا ھەمدە ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز، شادىلىرى كۆپ بولغاچقا، ئېگىز قاڭقىللار(ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ ئاتالغان. بىز بۇ تارىخى پاكىتنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى

داستانى «ئوغۇزنامە» دە ئېيتىلغان ئوغۇز خاقان جۇرجىت خاقانىنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن غەنىيمەت ئالغانلىقى، ئۇلارنى توشۇشقا ئات، قېچىر، كالا ئازلىق قىلغاندا، ئوغۇزخان لەشكەرلىرىدىن بىر چېۋەر ياشانغان كىشى ئېگىز هارۋا ياساپ، جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلاپ، هارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشۇپ توشۇغانلىقى، ئوغۇزنىڭ نەۋكەرلىرى، ئەل جامائەتمۇ بۇنى كۆرۈپ هەيران بولغانلىقى ۋە ۋە ئۇلارمۇ هارۋا ياسىغانلىقى، ئېگىز هارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا» دېگەن ئاۋاز چىققاچقا، ئوغۇزخان هارۋا ياسىغانلارغا قانغۇرلۇقلار (بەزى ماتېرىياللاردا قانغالۇقلا دەپمۇ ئېلىنىدۇ) يەنى قاڭقىلار دەپ نام بەرگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئېگىز قاڭقىلار يەنى دىڭلىڭلارنىڭ ناھايىتى قەدىمى خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پاندىرىخ قەلئەسىدىن قەدىمكى هارۋىنى تاپقانلىقى، 1983-يىلى 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي ناھىيىسىدىكى ئوتبۇلاق كەنتىدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئارىسىدىن بىر كالا هارۋىسىنىڭ رەسمى بايقالغانلىقى ۋە رەسىمنىڭ تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500- يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقى شۇنداقلا شەرقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ياسالغان كۇسەن (كۇچا) دىكى بېزەكلىك غارلىرىدا هارۋىدا ئولتۇرغان قۇياش ئىلاھىنىڭ سىزىلىشى، بىزنىڭ يۇقىرىقىدىكى كۆز قارىشىمىزنى ئارخېئولوگىيە ۋە قىيا تاش رەسمى ھەم تام سىزمىچىلىقى جەھەتتىن ۋاستىلىك پاكىت بىلەن تەمىن ئېتىپ بېرىدۇ.

«ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە مىلادى 487- يىلى ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بىكقۇلۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلو ۋە ئىنىسى چوڭچىلار جوجان قاغانى تولۇننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياستىگە نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، ئۇلار ئالدىنقى قانقىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچكەنلىكى، ئاۋۇزلو ئۆزىنى خان دەپ، دۆلىتىدىكىلەرنى بەگ دەپ ئاتىغانلىقى، چوڭچى كۇلبەگ دەپ ئاتالغانلىقى، جوجان خانى ئاۋۇزلونى قوغلاشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نەتىجىسى چىقمىغانلىقى، ئاۋۇزلو قۇجۇ خانى كەن شۇگۇينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى خان قىلغانلىقى، ئاۋۇزلو جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، كىنگىت، پىشامشان، ئۇدۇنلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلارنى ھونلارنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان مەلۇماتلارمۇ بار. «شىمالى خانلىقلار تارىخى» 99- جىلد «تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تېلېلارنىڭ ئەجدادى – ھونلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ ئەجدادى – ھونلارنىڭ ئەۋلادى، كېيىنكى ۋەي خانلىقى دەۋرىدە تېلې قەبىلىلىرى دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ھونلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھونلار - ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى، «كېيىنكى خەننامە» 89- جىلد «جەنۇبى ھونلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئىزاھاتىدا: «باتۇر (مۇدۇ) تەڭرىقۇت تۇمەن

تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، شىيا خۇلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى چۈن ۋېيدىن تۈمەنگىچە ملىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن» دەپ قەيت قىلىنغان. هونلار دەسلەپتە ئوردۇس يايلىقى ۋە يىن شەن (تەسكەي) تېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇلار هەرقايسى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، يەنى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە گۈيفاڭ، خۈنيى، شيەنيۈن، شۈنيۇ دەپ؛ چۈنچيۇ (ئەمىنيە) دەۋرىدە روڭ ياكى دى دەپ؛ جەنگو (يېغىلىق) دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خۇ ياكى «لۇ» (虏) دەپ ئاتالغان. باتۇر (مۇدۇ) تەڭرىقۇت دەۋرىدىن ئىلگىرى هونلار شەرقى غۇزلارغا يەنى تۇڭگۇس ۋە توخرىلارغا بېقىنىپ، ئۇلارغا ئېسىل ئات ۋە ساهىپجامال قىزلارنى تارتۇقلاپ تۇرغان. تۈمەن تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ هون قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209- يىلى تۈمەننىڭ چوڭ ئوغلى باتۇر ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ئېگىلەپ، هەربىي كۈچ ئارقىلىق قۇدرەتلىك هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. هون ئىمپېرىيىسى بوي سۇندۇرۇلغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، خەلقلەرنىڭ ئىتنىك تەركىبى ناهايىتى مۇرەككەپ ئىدى. هون تىلىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپلۇقى هەققىدە تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار ئارىسىدا تالاش-تارتىش يوق. لېكىن ئۇنىڭ قايسى تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا هېلىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇد.

فرانسىيىلىك دىمۇسار، كلاپروت قاتارلىقلار غەربكە كۆچكەن هونلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋېنگرلار(هونگىرلار) دا هازىرمۇ داستىخان، ئالما، تەڭنە، ئوچاق قاتارلىق ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

«كىيىنكى خەننامە» 89ـ جىلد «جەنۇبى هونلار ھەققىدە قىسسە» دە «تەڭرىقۇتنىڭ ئەسلى ئىسمى فەنتاي ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر ئۇنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتايتتى. هونلار ئاسماننى تەڭرى، تەڭرىنىڭ ئوغلىنى قۇت دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىزدە ھازىرمۇ تەڭرى ۋە قۇت، قۇتلۇق دېگەن سۆزلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا هونلار غەربكە كۆچكەندە قىرى ـ چۈرى، ياشانغانلىرى بىللە ماڭالماي كۇسەننىڭ شىمالى، كىنگىتنىڭ غەربىدىكى باينبۇلاق يايلىقىدا قېلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى زېمىنغا، ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بولغان ياپيان دۆلىتىنى قۇرغان. «شىمالى سۇلالىلەر تارىخى. غەربى يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرۈپ ـ ئادىتىنىڭ ئېگىز قاڭقىللارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللار هونلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ تىل ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەت جەھەتلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«كىيىنكى خەننامە. جەنۇبى هونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەت، هوقۇق تالىشىش كۈرىشى ۋە بوي سۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن شىمالى هونلار زەئىپلىشىپ ھالسىزلانغاچقا، جەنۇبتىكى قەبىلىلەر هونلارغا ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇنچە ھۇجۇم قىلغان، سيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربى يۇرتلۇقلار ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. هونلار تۆت تەرەپتىن كەلگەن زەربىگە تاقابىل تۇرالماي غەرپكە ـ يىراق تامانغا كۆچكەن.

هونلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلار ئىگىلىگەن بىپايان چارۋىچىلىق رايونلىرى سىيانپىلار، تېلېلار ۋە جورجانلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئايلانغان. سىيانپىلار شەرقىي غۇز(دوڭ خۇ) لارنىڭ بىر تارمىقى، شەرقىي غۇزلار باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىر تارماق شەرقى غۇزلار چوڭ ھىنگان تېغى بويلىرىغا قېچىپ بارغان، كېيىن راۋلىي دەرياسى (سىرامولۇن دەرياسى) بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. 2- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيانپىلارنىڭ سەردارى تەن شىكۈي سىيانپىي قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدىكى چەن چيۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بارگاھ تىكىپ، سىيانپىي خانلىقىنى قۇرغان. ئۇ شىمالدا دىڭلىڭلارغا، غەربتە ئۇيسۇن (ئۇيسۇن) لارغا زەربە بېرىپ، زېمىنىنى شەرقتىن غەربكە مىڭ چاقىرىم كېڭەيتكەن. تەخمىنەن مىلادى 180- يىلى تەن شىكۈي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىپ ئۆز ئالدىغا باشباشتاق بولۇۋالغاچقا سىيانپىي خانلىقى تەدرىجىي زەئىپلەشكەن. تېلېلار مىلادى 2- ئەسىردە سىيانپىي خانلىقىغا، مىلادى 5- ئەسىردە جورجان خانلىقىغا بېقىنغان. مىلادى 509- يىلى جورجانلارنىڭ خانى جۇبۇت ئېگىز قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرۇن جورجان ھۆكۈمدارى ناگايغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن قۇجۇ خانى چۈيجا ئېگىز قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. جورجانلارنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېگىز قاڭقىللار تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى - تېلېلارنىڭ تارقالغان ماكانىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە «شىمالى خانلىقلار تارىخى. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە ناھايىتى مۇھىم بىر ئابزاس خاتىرە بار: «..... تېلېلارنىڭ ئۇرۇق-قەبىلىلىرى

ئەڭ كۆپ، ئۇلار غەربى دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. تۇغلا دەرياسى(ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى) نىڭ شىمالىدا بۆكە، تونگرا، ئوپۇرغۇر (ۋېيخې)، بايىرقۇ، بۆركلى، مىگچىن، رورخ (تۇققۇز)، ئىزگىل، غون، قوغۇرسۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئېۋىرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغ، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا چابىش (چۈبە)، بورج، ئىگە (ئازلار)، سۇبۇ (سىپتا)، ناخ (ناگە)، ئوغۇز، خېگو (كەنكۈن)، ئېرتوش (يىجان)، ئوتقۇ قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى بار...... گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئوخشىمىسىمۇ ھەممىسى تېلې دەپ ئاتىلاتتى». يۇقىرىقى بىر ئابزاس مۇھىم باياندا، تېلې قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئوپۇرغۇر، ئوغۇز دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ ئوغۇزلارنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقانلىقى ئېيتىلغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يۈەنخې (ئۇيغۇر)لار دەسلەپتە ئوغۇز (ۋۇخۇ) دەپ ئاتىلاتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئوپۇرغۇر (ۋېيخې) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دەپ قەيت قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تا ئوغۇز (ۋۇخۇ)، ئوپۇرغۇر (ۋېيخې) دېگەن ناملار ئەمەلىيەتتە يۈەنخې (ئۇيغۇر)نىڭ خەنزۇچىدا باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىكەنلىكى، تېلېلارنىڭ چابىش قەبىلىسىنىڭ قارا شەھەرنىڭ غەربى شىمالىغا يەنى يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقانلىقى، يۈەنخې ياكى خۇيخې دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېلى قەبىلىلىرى ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئابزاس تارىخى باياننى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ

قارىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يالغۇز موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېۋىرغۇلنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ غەربى شىمالى ۋە تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردىمۇ ياشىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئېلىمىزنىڭ غەربى شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر قانداشلىق جەھەتتە بىر - بىرىگە يېقىن بولغان ئۇرۇق-قوۋملار بىر قەبىلە بولغان. تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ئۆز - ئارا يېقىن بولغان ئۇرۇقلار بىر قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقان. قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قايسى بىر قەبىلە قورال كۈچى ياكى جەلپ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرسە، شۇ قەبىلىنىڭ نامى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. بۇرۇن دىڭلىڭ ياكى تېلې دەپ ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېلار ئىچىدە سان جەھەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئىلغار ئىكەنلىكى، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. «شىمالى خانلىقلار تارىخى. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار (تۈركلەر) شەرق ۋە غەربكە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى...... ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈردى» دېيىلگەن. مىلادى 6- ئەسىردىن 8- ئەسىرگىچە موڭغۇل دالاسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىچە بولغان

جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرۇلغان چوڭ خاندانلىق ـ تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسى ھەربىي كۈچىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ۋە تۈركلەر ئىقتىسادى جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا تايانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۇەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ قالدۇرۇلغان. مەسىلەن: «شىمالى خانلىقلار تارىخى» ۋە «سۈينامە» لەرنىڭ «تېلېلار ھەققىدە قىسسە» لىرىدە: «ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۇەنچىلىك، دېھقانچىلىق قىلاتتى. كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان غەرب تەرەپ ـ موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە باغۇەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840ـ يىلدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ياشىغانلىقىنى تۆۋەندىكى تارىخى مەلۇماتلار ئارقىلىقمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ؛

1. مىلادى 2ـ ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان تارىخچىسى پتولېمى ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى سېرىس دۆلىتى(يىپەك دۆلىتى) بابىدا، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى، ئۇلار پىلە بېقىپ يىپەكتىن شايى ئەتلەس توقۇيدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

2. «تۈركى تىللا دىۋانى» نىڭ 1- تومىدىكى «ئۈگە»، «ئۇيغۇر» سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا، تۈرۈك قوشۇنلىرى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان ئالتۇنقان تېغىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن ئىكەنلىكى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام «خۇدخور» ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىردىلا مەۋجۇدلۇقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. دەرۋەقە مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللا دىۋانى» نى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىت —— مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 329- يىلدىن ئالاھازەل 1300 يىل كېيىن، يەنى1072-1074- يىللىرى ئىراقتا يازغان. ھەمدە «ئۇيغۇر» لارنىڭ «خۇزخۇرەند» ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى مۇھەممەد چاقىر تونقاخاننىڭ ئوغلى ئىسرائىل توغان تېكىندىن ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇڭا بۇ رىۋايەت خاراكتېرلىك مەلۇماتنى باشقا تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

3. «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات» تا دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، مىلادى 1- ئەسىردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

4. «شىمالى سۇلالىلەر تارىخى. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئاقتاغ يەنى تەڭرىتاغ ئەتراپىدا ماكانلاشقان تېلېلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى......»، «ئالتۇنتاغ يەنى ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ماكانلاشقان تېلېلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. ئەگەر قېرىلار، ئاياللارنىڭ ئەسكەر بولالمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ھەر تۆت كىشىدىن بىرسى

ئەسكەر بولغان دەپ قىياس قىلساق، يۇقىرىدىكى ئىككى جايدىكى تېلېلارنىڭ سانى تەخمىنەن 120 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى بۇ جەنۇبى شىنجاڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان تېلېلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ۋەھالەنكى، «سوڭنامە» گە ئاساسلانغاندا، 840- يىلى ئۇيغۇرلاردىن تەخمىنەن 100 مىڭ كىشى غەربكە كۆچكەن.

5. «ۋېينامە. غەربى روڭلار ھەققىدە قىسسە» دە: «دىڭلىڭ ئېلى كانگىيەنىڭ شىمالىدا، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار. خەلقى چارۋىچىلىق قىلىدۇ، ئۇ يەردىن چىقىدىغان تىيىن، ئاق بۆلغۈن، سۆسەر تېرىلىرى داڭلىق، ئارال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىمۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى ئېنىق، ئەمما ئۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلاردىن ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال مىلادى 4- ئەسىردە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا سانى خېلى كۆپ دىڭلىڭلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

6. «جەنۇبى چى سۇلالىسى تارىخى. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يىجۇ ئايمىقىنىڭ ۋالىسى لىيۇ جۈن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سەلتەنىتىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن دىڭلىڭلارغا جاڭ جىڭ شۆەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچى پىشامشان، ئۇدۇنغا بارماقچى بولغان، ئەمما پىشامشاننى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالغاچقا، خەلقى ئەتراپقا تارىلىپ كەتكەن. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن. دىڭلىڭلار ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ئەلچى جاڭ جىڭشۆەننى قوبۇل قىلىپ قايتىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلغان» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جەنۇبى سۇلالىلەر تارىخى. غەربى يۇرت تەزكىرىسى» دە: «چەرچەن ئېلى

شىمالى دىڭلىڭلارغا تەۋە» دېيىلگەن. بۇ تارىخى بايانلار دىڭلىڭلارنىڭ 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

7. «سوڭنامە. قۇجۇ تەزكىرىسى» دە: «قۇجۇ .... تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن يىللىرى (627 - 650) دا خۇجۇنجىيې قۇجۇنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، قۇجۇ ياكى شىجۇ دەپ ئاتالدى. ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭىدا قولدىن كېتىپ، كېيىن قۇجۇ ئېلى يەنە ئەسلىگە كەلگەن. قۇجۇ ئېگىز جاي دېگەن مەنىدىكى سۆز، ئۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا ئۇ يەردىكىلەر قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان» دېيىلگەن. بىزگە مەلۇمكى ئەن لۇشەن- شى سىمىڭ توپىلىڭى مىلادى 753- يىلدىن 763- يىلغىچە بولغان. مانا بۇ خاتىرە 840- يىلدىن تەخمىنەن 80 يىل بۇرۇنلا قۇجۇدا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيتى مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

8. «يۈەنخې يىللىرى(806-821) دىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تەپسىراتى» دا، پۇرى (ھازىرقى مورى، چىتەي، بارىكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىينىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ) نىڭ شەرقى شىمالىدىكى چەج (赤遮)، تۇز بۇلاق (盐泉镇) كەنتلىرى ۋە تەرۇپ (特罗堡) قەلئەسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئەينى چاغدىكى «ئۇيغۇرلار يېرىگە بارىدىغان» مۇھىم ئۆتكەل ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: قارلۇقلار غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلاردىن قاغانساي (佛图川) نى تارتىۋالدى» دېيىلگەن. بۇ ۋەقە 790- يىلى يۈز بەرگەن. بۇ پاكىتلار يۇقىرىقى جايلاردا خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

9. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تا، ئەرەپ تارىخچىسى مەسئۇدىنىڭ: تىبەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر قەبىلە..... تاگاز گاز (كۆپلىگەن تارىخچىلار تاگاز گازلارنى ئەمەلىيەتتە توققۇز ئوغۇز دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ) لار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر، سانى ئەڭ كۆپ خەلقلەردىن بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ماھىر، ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە چىن (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) دىن غەربتە خۇراسانغىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ پايتەختى كۇشان (كوشان) بولۇپ، ئۇلاردا ئېلىكخان دېگەن نام قوللىنىلغان» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. كۆپلىگەن ئالىملار مەسلەن، دېمىنارد قاتارلىقلار كۇشان شەھىرىنى قوچۇ دەپ ھېسابلىسا، رېنائۇد قاتارلىقلار كوچا شەھىرى دەپ قارايدۇ. خۇراسان بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەرەپ تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېگەن تارىخى بايان بىلەن خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

دېمەك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە توققۇز تۈرلۈك پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار دىل(دى، دىڭلىڭ) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى مىلادى 840- يىلدىن بۇرۇنمۇ شىنجاڭدا ياشىغانلىقىنى، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگۈچە مۇرەككەپ، ئۇزاق تارىخى جەريانلارنى كەچۈرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

# سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=181

مىلادى 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئارقا-ئارقىدىن كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچتى، يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچتى. شۇ ئاساستا ئۇلار باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا ۋە خېشى كارىدورىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى بىر ئۇيغۇرلار توپىنى ھاسىل قىلدى. ھەمدە كېيىن گۈللىنىپ تېخىمۇ زور بولغان ئۈچ چوڭ خانلىقنى بەرپا قىلدى. يەنى قارىخانىلار خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت. سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا بۇ ئۈچ خانلىق ئىچىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. تارىخى كىتابلاردا يەنە خېشى ئۇيغۇرلىرى، لياڭجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەپمۇ ئۇچرايدۇ. ئاساسلىق پائالىيەت دائىرىسى خېشى رايونىدا بولغاچقا كۆپىنچە ھاللاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خېشى ئۇيغۇرلىرى دېيىلىدۇ. بۇلار خېشى رايونىدىكى گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى)، لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي شەھىرى)، گۇاجۇ (ھازىرقى ئەنشى ناھىيىسى)، شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرى)، خېلۇچۇەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئېچىنا

دەرياسى)، خېلەنشەن (نىڭشيا دائىرىسىدە)، چىنجۇ (هازىرقى گەنسۇنىڭ تيەنشۈي شەھرى) قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، گەنجۇنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۈچى زور بولغان. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تۇبۇتلەرگە بېقىنغان، كېيىن بەيئەتچىلەر قوشۇنىغا (جاڭ يىچاۋ باشچىلىقىدىكى ئالتۇن تاغ پادىشاھلىقى) بېقىنغان، ئاخىرىدا بەيئەتچىلەر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ گەنجۇنى ئىشغال قىلغان. گەنجۇنى ئىشغال قىلغاندىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ نىسپى مۇقىملىقى ئىشقا ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن گەنجۇ خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. شۇندىن باشلاپ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دېگەن ئۇقۇم كەڭ تارقالغان ۋە قوللىنىلغان. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە گەنجۇ تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي قوماندانلىق مەركىزىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھەمدە بىر يېرىم ئەسىردەك داۋام قىلغان خېشى ئۇيغۇرلا ھاكىمىيتى ئاخىرلاشتى.

ئۇنداقتا ئۇلار نېمە ئۈچۈن سېرىق ئۇيغۇرلار دېيىلىدۇ؟ خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيتى يىمىرىلگەندىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سەيدام ئويمانلىقىنىڭ غەربى چېتىگە بېرىپ چارۋىچىلىق قىلدى. بۇلار سوڭ سۇلالىسى ۋە جىن سۇلالىسى تارىخى كىتابلىرىدا شاجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئېلىنغان. 11- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇدۇن ۋە سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگۈچە شاجۇ ئۇيغۇرلىرى چارۋىچىلىق قىلغان رايونلاردىن ئۆتكەن. سوڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى كىتابلىرىدا ئاشۇ ئەلچىلەرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن، بۇ

رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى "سېرىق باش ئۇيغۇرلار" دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايغا توغرا كەلگەن .

سېرىق باش ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلغان جايلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "سۇرى" يەنى "كەڭ" دەپ ئاتالغان .خەنزۇچە تارىخى كىتابلاردا بۇ سۆزنى بەزىدە (撒里 سالى) دەپ ياكى (锡勒 شىلې) دەپ تەرجىمە قىلغان. ئېكسپېدىتسىيچى ستەيىن ئۇنى (疏勒盆地 سۇلى ئويمانلىقى) دېگەن. سوڭ دەۋرىدىكى تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە ئۇنى "شىلې ئۇيغۇر " دەپ (锡勒回鹘) تەرجىمە قىلىش، ھازىرقى زامان تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە "سۇلې ئۇيغۇر" دەپ (疏勒回鹘) تەرجىمە قىلىش كېرەك. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى "سارىغ" (سېرىق) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىغا بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا سوڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئۇنى "سېرىق (黄) " دەپ خاتا تەرجىمە قىلغان. سوڭ سۇلالىسى تارىخىدا مەنە تەرجىمىسى بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسنى ئارىلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەر نامىنى "سېرىق" دەپ، مىللەت نامىنى "ئۇيغۇر" دەپ تەرجىمە قىلغان. نەتىجىدە ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان "سېرىق باش ئۇيغۇر" دېگەن بىر ئاتالغۇ كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى "سارى" كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئادەتتە "سېرىق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .لېكىن ئۇنىڭ يەنە "كەڭ" دېگەن مەنىسمۇ بار. سوڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئۇنىڭ ئادەتتىكى" سېرىق" دېگەن مەنىسىنىلا ئالغان، ھەمدە يەر نامىنى خاتا ھالدا "سېرىق باش" دەپ چۈشەنگەن. قىسقىسى "سېرىقباش" دېگەن سۆزنى يەر نامىدىن كەلگەن

دەپ چۇشىنىشكە بولىدۇ. بۇ "سېرىقباش" ئۇيغۇرلار كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، يەنى 13- ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ زور قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا "سېرىقباش" ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىپ، "سارى ئۇيغۇر" (سېرىق ئۇيغۇر) دەپ ئاتالدى .

يۇقىرىدىكى بۇ ئەھۋالدىن سارى ئۇيغۇرلار "سېرىقباش" ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن: سېرىقباش" بىلەن "سارى" نىڭ نېمە مەنىسى بار دېگەن بۇ مەسىلىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇد. بىرىنچى خىلى: ئىرق، كىيىم-كېچەك، ئۆرۈپ-ئادەت جەھەتتىن ئاساس ئىزدەش. مەسىلەن: سېرىق كىيىم، سېرىق چاچ دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مىللەتتە بۇنداق ئالاھىدىلىك بولمىغاچقا بۇ خىل قاراش پۇت تىرەپ تۇرالمىغان، ھەم بۇ قاراشنى قوللايدىغانلار كۆپ بولمىغان. ئىككىنچى خىلى: باشقا مىللەتلەردىن ئاساس تېپىش. مەسىلەن: "سېرىقباش شىرۋىلار"، "سېرىقباش تۈركەشلەر "دېگەن قاراش. لېكىن بۇ قاراشتىكى كىشىلەرمۇ كۆپ ئەمەس. ئۈچىنچى خىلى: "ئاقسۆڭەك قەبىلىلەر" نىڭ ھەممىسى "سېرىق" دەپ ئاتىلىدۇ دېگەن قاراش. بۇنىڭ ئاساسى:: سېرىقباش ئۇيغۇرلار" ۋە "سارى ئۇيغۇرلار" نىڭ ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى ۋە بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان "ياغلاقار" قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بار. ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىل تۈركۈملىرى ئىچىدە، ئومۇمەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئاقسۆڭەك قەبىلىلەر "سېرىق" دەپ ئاتىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. تۆتىنچى خىلى: يەر نامى توغرىسىدىكى قاراش. ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ ئۈچ چوڭ تىل ئائىلىسىدىكى تىللارنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللىرىدىن تەكشۈرۈپ قارىغاندا، ئومۇمەن

يەر شەكلى كەڭ كەتكەن، چۆل- جەزىرىلىرى ۋە ئارىلىقلىرىدا كىچىك ئېقىن سۇلار بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان كىچىك بوستانلىقلىرى بار رايونلار "سۇرى" دەپ ئاتىلىدۇ. سۇرى دېگەن سۆز "سۇر" دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى撒里، 苏勒، 疏勒، 素尔 دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر بىلەن يېزىلىدۇ. بۇ ئېگىز تاغ – داۋانلىرى، بۆك- باراقسان ئورمانلىرى، دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ دەريالىرى بار جايلارنىڭ "قارا" دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا ماس كەلگەن ھالدىكى ئاتىلىشدۇر. شۇڭا ئاسىيادا ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە "قارا "ياكى "سارى" دېگەن يەر ناملىرىنى قالدۇرغان. "سارى ئۇيغۇر" دېگەن سۆزدىكى "سارى "پەقەت شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدىنلا ئىبارەت. "سۇرى" دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى" سېرىق" دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىغا بەك يېقىن بولغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر يەر نامىنى خاتا ھالدا "سېرىق" دەپ چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن "سېرىقباش ئۇيغۇر" دېگەن ئاتالغۇ كېلىپ چىققان. ھەمدە خەنزۇچە (撒里سالى) دېگەن سۆزنى ئۇيغۇر تىلىدىكى "سېرىق" نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ خاتا قارىغان. لېكىن بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن "سېرىق" دەپ ئاتايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن .

موڭغۇللار غەربكە قىلغان يۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كيىن باش سانغۇن سۇبۇتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوشۇننى باشلاپ شەرقكە قايتىشىدا "سېرىقباش ئۇيغۇرلار" تۇرۇشلۇق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئۆتكەندە، "سېرىقباش ئۇيغۇرلار" نى ئۇزىگە قاراتقان. شۇندىن ئېتىبارەن "سېرىقباش ئۇيغۇر"

دېگەن نامنىڭ ئورنىنى "سارى ئۇيغۇر" دېگەن نام ئالغان. ئاخىرىدا بارا-بارا موڭغۇللار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن .موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈەن سۇلالىسى سارى ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇھىم ۋەزىرلەر باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزاقراق تۇرغان ھەم تەسىرى چوڭراق بولغىنى ئەلەمدە مەشھۇر شىنىڭ بېگى چۆبە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ سارى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئوخشاشلىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ئۇلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى رەھبەرلىك قىلغان ھەربىي قوشۇن ۋە قەبىلىلەر تەدرىجىي ھالدا سارى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، ئاخىر سارى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. موڭغۇللارنىڭ سارى ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا موڭغۇل خان جەمەتلىرى باشچىلىق قىلغانلىقى ھەمدە چۆبە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش بۆلۈنۈپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، سارى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ نىسپىي ئەمىنلىكى ساقلىنىپ قالغان .شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرى سارى ئۇيغۇرلار راۋاج تېپىپ زورايغان مۇھىم تارىخى مەزگىل بولۇپ قالغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، سارى ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سارى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلانغان .مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەربكە قاراپ

ئىلگىرىلىگەندە، سارى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۇيان تېمۇر ھەممىدىن ئاۋۋال مىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. شۇندىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سارى ئۇيغۇرلارنى يۆلىگەن. بىرىنچىدىن، مىڭ سۇلالىسى سارى ئۇيغۇرلار قوۋمىنى تۆت قىسىمغا ئايرىغان. ھەممىدە ھەر قايسىسىغا تامغا ئويدۇرۇپ بېرىپ، ئۆز قوۋمىنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئىككىنچىدىن، سارى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۇيان تېمۇرنى ئەندىڭ ۋاڭ (安定王) قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۈچىنچىدىن، سارى ئۇيغۇرلار رايونىدا يېرىم ھەربىي خاراكتېرلىك ياساۋۇلخانىلارنى تەسىس قىلغان. يەنى ئەندىڭ، ئۇدۇن، كۆسەندىن ئىبارەت. بۇلار سارى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئۈچ ياساۋۇلخانا بولۇپ، ئادەتتە غەربى قىسىمدىكى ئۈچ ياساۋۇلخانا دەپ ئاتىلىدۇ. سارى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆت قىسمى مۇشۇ ئۈچ قاراۋۇلخانىغا تەۋە بولغان .

سارى ئۇيغۇرلار رايونى غەربتە گەنسۇغىچە بارىدىغان 1500 چاقىرىملىق جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقتە خەندۇڭ (ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربى قىسمىدىكى داڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) غىچە بارىدۇ. غەربتە تەڭرى تېغىغا ئۇلىشىدۇ. شىمال تەرىپى گۇاجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسى(، شاجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ شەھرى) غا تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى تۆبۆت (ھازىرقى شىزاڭ) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. سارى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ياساۋۇلخانىلار مۇشۇ جايلاردا قۇرۇلغان .

يۇقىرىدىكى تۆت قىسىم سارى ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا بۇيان تېمۇرنىڭ يەنە بەزى پۇقرالىرى گەنسۇنىڭ غەربى قىسمىدا تارقاق جايلاشقان. مىڭ سۇلالىسى

قوشۇنلىرى غەربكە ئىلگىرىلىگەندە ئۇلار تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. بۇيان تېمۇر ملك سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەندىك ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن پۇقرالار ئارقا-ئارقىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ، ملك سۇلالىسگە ئەل بولغان. ملك سۇلالىسمۇ بۇ پۇقرالارغا تۆت جايدا يېرىم ھەربىي خاراكتېرلىك ياساۋۇلخانا قۇرۇپ بەرگەن. يەنى، شاجۇ ياساۋۇلخانىسى) ھازىرقى گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى)، چىجىن موڭغۇل ياساۋۇلخانىسى (ھازىرقى گەنسۇنىڭ يۈمېن شەھىرى دائىرىسىدە)، خەندۇڭ ياساۋۇلخانىسى (ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربى قىسمىدىكى داڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى)، خەندۇڭ سول قانات ياساۋۇلخانىسى) شاجۇ ئايمىقىنىڭ قەدىمكى قەلئەسىدە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ياساۋۇلخانىلار ئادەتتە شەرقنى قىسمىدىكى تۆت ياساۋۇلخانا دېيىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەرقنى قىسمىدىكى تۆت ياساۋۇلخانا بىلەن غەربى قىسمىدىكى ئۈچ ياساۋۇلخانا ۋە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى قوشۇلۇپ، "سەددىچىننىڭ غەربىدىكى ياساۋۇلخانىلار" دەپ. ئاتالغان .

ئەمما كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بۇ ياساۋۇلخانىلارنىڭ ئەھۋالى ئوبدان بولمىدى. يەنى ھەرقايسى ياساۋۇلخانىلاردىكى قەبىلە سەردارلىرىنىڭ ئۆز-ئارا قىرغىن قىلىششى، يۈەن سۇلالىسى ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلۈنمە كۈچلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرقكە كېڭيىشى، ملك سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىينچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاخىر ملك سۇلالىسى ئۇزىنى قوغداش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ياساۋۇلخانىلار بىلەن كارى بولمىغان. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى، سارى

ئۇيغۇرلا تەنها، يارده‌مچىسىز قېلىپ، غەربتە شەرقنى چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ قەدەمۇ- قەدەم قىستاپ كېلىشى، شىمالدا ئويراتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پاراكەندە قىلىشى جەنۇبتا ئىبرانىڭ داۋاملىق زىيان- زەخمەت سېلىشىدەك هەر تەرەپلىمە هۇجۇمىغا ئۇچۇرغانلىقتىن جيايۈگۇەن (سەددىچىن سېپىلى) قوۋۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر بولغان. يەنى شەرقكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كۆچۈش ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، 16 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن. شەرقكە كۆچكەن سارى ئۇيغۇرلار جيايۈگۇەندىن ئۆتكەندە، مىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى بار ئامالى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. هەمدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكىرى پىرقە دىۋانبېگى ۋاڭ چۇڭ ئۈزى گەنسۇغا بېرىپ، تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە بىر قىسىم سارى ئۇيغۇرلارنى گەنجۇ (هازىرقى جاڭيې شەهرى) نىڭ جەنۇبى تېغىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇلار كېيىنكى چاغلاردا ئاۋۇپ، هازىرقى شەرقنى يۇغۇرلار بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنە بىر قىسمى سۇجۇ (هازىرقى جيۇچۇەن شەهرى) نىڭ قورۇل ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلار كېيىنكى چاغلاردا ئاۋۇپ، هازىرقى غەربى يۇغۇرلار بولۇپ شەكىللەنگەن .

شەرقكە كۆچۈش سارى ئۇيغۇرلارغا ناهايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شەرقكە كۆچكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى غەربى قىسىمنىڭ ئۈچ قاراۋۇلخانىسى بىلەن شەرقنى قىسىمنىڭ تۆت قاراۋۇلخانىسى بىر جايدا بىللە ئولتۇراقلىشىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، تىل جەهەتلەردە تەدرىجىي بىردەكلىككە يۈزلىنىپ، هەممىسى ئۆزلىرىنى "يۇغۇر" دەپ ئاتايدىغان بولغان. شۇڭا شەرقكە كۆچۈش – هازىرقى يۇغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. دېمەك، موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۆز-ئارا سىڭىشىشى نەتىجىسىدە، بىر يېڭى مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى شەكىللەنگەن .ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي پسىخىك خۇسۇسىيىتى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن، ھەم ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل مىللىتىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ - بۈگۈنكى يۇغۇر مىللىتىدۇر .

بۈگۈنكى كۈندە يۇغۇر دەپ ئاتالغان بۇ سېرىق (سارى) ئۇيغۇرلار گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جاڭيې ۋىلايىتىنىڭ سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ( سارى) ئاپتونوم ناھىيىسىدە ۋە جيۇچۇەن شەھرىنىڭ خۇاڭنىپۇ سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. 1990- يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىي سانى12مىڭ 297 كىشى بولۇپ، بۇ جەمئىي نوپۇسنىڭ 1800 خۇاڭنىپۇ سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا، 8820 سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشايدۇ. ئاپتونوم ناھىيىدە ياشايدىغانلار پۈتۈن سېرىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 71.77% نى تەشكىل قىلغان. قالغان 1677 نەپەر كىشى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە، ئاز بىر قىسمى مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. كېيىنكى يىللاردا مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىشىش دولقۇنىغا ماسلاشقان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن 278 كىشىنىڭ قۇمۇل شەھرى ۋە ماناس ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئېنىقلانغان. سېرىق ئۇيغۇرلار 1990- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە مىللەتلەرنى جەمئىي سانىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزغاندا 47- رەتتىن ئورۇن ئالغان .

موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا يۇغۇر، شىرا (شىرا- موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، سارىق، سېرىق دېگەن

مەنىدە) يۇغۇر دەپ ئاتايدۇ. (ئۆزلىرىنى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان غەربى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا)؛ ئۇلار يەنە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان غەربى سېرىق ئۇيغۇرلارنى "قارا يۇغۇر" دەپ ئاتايدۇ. تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان غەربى سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا ئۆزلىرىنى ئومۇمەن "يۇغۇر"، "سارىغ يۇغۇر"، يەنى موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان شەرقنى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا" سارىغ يۇغۇر" دەپ ئاتايدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلار تۈركى تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خەلق بولۇپ، ئىككى خىل تىل ئىشلىتىدۇ. يەنى شەرقنى سېرىق ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا ئائىت بولغان نىسبەتەن قەدىمكى موڭغۇلچىغا يېقىن بىر تىلنى ئىشلەتسە، تۈركى تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدىغان غەربى سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن يېقىنلىشىدىغان يەنە بىر خىل تىلنى ئىشلىتىدۇ .

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە ئوخشاش قەبىلە، ئۇرۇق ئاساسىغا تايىنىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئادەتتە قەبىلىنى "ئوتوق" دەپ ئاتايدۇ. چىڭ سۇلالىسى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە ئوتوق شەكلىدە ياشايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى بۆلۈپ باشقۇرغان. بۇ ئوتوقلار: شىكى ئوتوق، كورېكى ئوتوق، نەيمان ئوتوق، ياگكېي ئوتوق، خورونغۇت ئوتوق، باياتتاۋىن ئوتوق ۋە ياغلاقار ئوتوقتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى تەۋە بولغان قەبىلە بولۇپ، بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاساسلىق قەبىلىدۇر. ھازىرقى سېرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى تامامەن دېگۈدەك خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بولماقتا. لېكىن بەزى زىيالىيلارنىڭ ئۆزى ۋە ياكى باللىرىدىن باشلاپ ساپ يۇغۇرچە ياكى ئۇيغۇرچە ئىسىم ئادىتىگە قايتقانلىقىمۇ كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن، تىمۇر، مارجان، ئاي قادىن ۋە باشقىلار. ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي يېزىقى يوق. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە كۈندىلىك ئالاقە ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلەتمەكتە .

ئازادلىقتىن كېيىنكى "فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش"، "تۆت كونىنى يوقىتىش"، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دېگەندەك سولچىل سىياسەتلەر نەتىجىسىدە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئىبادەت سورۇنلىرى تاقالغان ياكى كۆيدۈرۈلۈپ، راھبلار خەلق ئىچىگە قايتۇرۇلغان. خەلقنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى چەكلىنىپ، ئۇزۇن چاچلىرى قىسقارتىلغان. قىسقىسى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان سولچىل سىياسەت نەتىجىسىدە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا بۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىققان. 1980 -يىللاردىن كېيىن سىياسەت ياخشىلىنىپ، قانۇن جەھەتتىكى كاپالەت نىسبەتەن ئومۇملىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ ئەمما سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاز بولىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇلاردا ئۇيغۇر، تىبەت مىللەتلىرىدەك جىددىي ئۆزگە قايتىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقمىغان. پەقەت 1990-يىلدىن كېيىن سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا نىسبەتەن ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىدىكى پەرقلەرنى داۋاملاشتۇرۇش، يوقالغانلارنى ئىلمى نۇقتىدىن قىدىرىش ئىستىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. ھازىرقى ئەھۋالدا، سېرىق

ئۇيغۇر رايونىدىكى غەربى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەتتە بولۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تېلېۋىزورلاردا بېرىلىدىغان ئۇيغۇرلار ياكى شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمىلەرنى ناھايىتى زوق ئىشتىياق بىلەن كۆرىدىغانلىقى، ئۇيغۇرچە لېنتا ۋە VCD پلاستىنكىلىرىنى ئۆيمۇ ـ ئۆي ئايلاندۇرۇپ كۆرىدىغانلىقى مەلۇم.

# XIII-XIV-ئەسرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر

ل. يۇ. تۇگۇشېۋا (سوۋېت ئىتتىپاقى)

تورغا يوللىغۇچى: Erdewil

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=226

ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان XIII -XIV- ئەسرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر 400 پارچە ئەتراپىدا بولۇپ بۇ ھۆججەتلەرXIX- ئەسرنىڭ ئاخىرى ۋە XX- ئەسرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن تېپىلغان ئۇلار ئوتتۇرا ئەسرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ئالىملارنىڭ ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنىپ بولغان. ئاكادېمىك رادلوۋ رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توپلىمى» مانا شۇ ھۆججەتلەر تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىقىندىن بۇيان ـــــ مەيلى بالدۇرراق مەزگىللەردە بولسۇن ياكى يېقىنقى يىللاردا بولسۇن پ. تىسمې ل. ۋ. كراك خ. شىنتەن شىنفۇ م. خۇيافۇ خ. ميسۇنتەن قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ھەققىدىكى چوڭقۇر تەتقىقاتلىرى قەدىمى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىپ دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىش ۋە روشەنلەشتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قول يازما ھۆججەتلەر بۆلۈمى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر 50 پارچىدەك كېلىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ فوتو سۈرەتلىرىنى د. ئا. كلېمېنتس بىلەن ۋ. ئى. روبروۋىسكى (1898-يىل) س. ئې. مالوۋ (1914-يىل) س. ئولدىنبورگ (1915-يىل) ئا. گرۈنۋېدىل (1902-1903- يىللار) لار باشچىلىقىدىكى شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى قولغا چۈشۈرگەن شۇنداقلا يەنە كونسو ن. ن. كروتكوۋمۇ ھۆججەت فوتو سۈرەتلىرىنى توپلىغان.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تولىسىنىڭ تېپىلغان ئورنى بىلەن ۋاقتى ئېنىق قىلىنمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ يازما ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچىسى: ھۆججەت، ئىككىنچىسى خەت-چەك.

بىرىنچى تۈرگە كىرىدىغانلاردىن پۈتۈم - توختام كېلىشىم قەرز ھۆججىتى ئىقتىسادىي ھۆججەت قاتارلىقلار بار ئىككىنچى تۈرگە كىرىدىغانلاردىن خەت - چەك بىلەن پەرمان - يارلىقلار بار. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبى "يەر گەزمال قۇلا قاتارلىقلار سودىسى"؛ "پۇل ئاشلىق توقۇلمىلارنى قەرزگە ئېلىش ۋە بېرىش"؛ "مال - مۈلۈكلەرنى ئىجارىگە ئېلىش"؛ "قۇل ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ئىجارىگە بېرىش"؛ "بالا بېقىۋېلىش"؛ "مال - مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەر ھەققىدە توختام تۈزۈش"؛ ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ خەت يېزىش شەكلى بىلەن نېمىنى ئۇقتۇرۇش ياكى نېملەرنى دېيىشتىن ئىبارەت خەت - چەكلەر ئىكەن. بىرىنچى تۈرگە كىرىدىغان ھۆججەتلەر ئومۇمەن قاتتىق بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىلەن يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ شەكلى توغرىسىدا ئالىملار ئىنچىكە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. سودا-سېتىق پۈتۈم توختاملىرى مۇشۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاساسىي تىپلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېزىقىدا كۆچمەس مۈلۈك. قۇل ۋە چارۋا مالغا دائىر پۈتۈم - توختاملارلا شەكىللىنىپ قالماستىن

بەلكى يەنە ئاشلىق گەزمال ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن.

سودا ـ سېتىق پۈتۈم ـ توختاملىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان: 1. پۈتۈم ـ توختاملارنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى. بىزگە مەلۇمكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر خىل ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەن. لېكىن بۇ ھۆججەتلەردە كۆپ ھاللاردا 12مۆچەل بويىچە ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرۈشى مەلۇم جەھەتلەردە بىر قەدەر خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرۈشى مەلۇم جەھەتلەردە بىر قەدەر ئەپلىكرەك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەمما بۇ خىل چەكلىك بولغان بىر نەچچە مۆچەل ئارقىلىق ۋاقىت خاتىرىلەنسە بۇ خىل ئۇسۇل ۋاقىت چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يوقىتىدۇ. ھازىر مۇشۇ ئۇسۇلغا تايىنىپ ھۆججەتلەرنىڭ يىل ـ دەۋرىنى ئېنىقلاش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھۆججەتلەرنىڭ يىل ـ دەۋرى پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا تايىنىپ تەخمىنەن قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلىناتتى.

يىقىنقى تەتقىقات بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ئېنىق يەكۈن ھاسىل قىلدى. ل. ۋ. كىراك بىلەن پ. تىسمى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ تارقىلىشىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا باش-ئاخىر تولۇق بىر گۇرۇپپا ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇنىڭدىن بۇ خىل ھۆججەتلەرنىڭ پۈتۈلگەن دەۋرىنى بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئادەم ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئورتاقلىقى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ 1303-1358- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قول يازما ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ بىر قىسىم ھۆججەتلەرنىڭ دەۋرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ھۆججەتلەردىكى دەۋرنى ئىپادىلەيدىغان خاتىرىلەر تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تىزىلغان: 12مۆچەلنىڭ يىل خاتىرىلەش خاس نامى ئاي كۈن. 2. پۈتۈم توختاملارنىڭ تۈزۈلۈش سەۋەبى. پۈتۈم توختام تۈزگۈچى ۋە پۈتۈم – توختام بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە-كېرەكلەر. 3. سودا قىلىنغان نەرسە – كېرەكلەرنىڭ باھاسى ھەققىدىكى كېلىشىم. بۇ خىل شەكلى ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن: بىرىنچى قىسىمدا تۆلەش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچى قىسىمدا سودا قىلىنغان نەرسە – كېرەكلەرنىڭ كېلىشىم باھاسى خاتىرىلەنگەن. 4. سېتىۋالغۇچىنىڭ چىقىمى بىلەن ساتقۇچىنىڭ كىرىمى

تەپسىلىي ئىزاھلانغان. 5. يېڭى ئىگىدارىنىڭ ھوقۇقى ئۈقتۈرۈلغان. 6. يېڭى ئىگىدارىنىڭ ھوقۇقىغا بولغان كاپالەت ۋە توختامغا خىلاپلىق قىلغاندا قوللىنىدىغان جازالارنىڭ دائىرىسى بەلگىلەنگەن. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ قىسىمنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن بىردەك بولسىمۇ لېكىن بىرىنچى قىسىمدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەردە پەرق بولغان. 7. يەر سودا قىلىنغان ھۆججەتلەردە يەرنىڭ چېگرىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىزاھلانغان. 8. ئاخىرقى قىسمى. بۇ قىسمدا پۈتۈم - توختام تۈزۈشكە قاتناشقان شاھىتلار تامغىسى پۈتۈم - توختامنى يازغۇچى كاتىپلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا پۈتۈم - توختامنى بۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىملەردە پۈتۈم-توختام بۇزۇلغان ئەھۋال ئاستىدا تۈرلۈك ئەمەلدارلارغا تاپشۇرۇلىدىغان جەرىمانە پۇلىنىڭ سانى يېزىلغان. قۇل سودا قىلىنغان ھۆججەتلەر شەكىل قۇرۇلمىسى جەھەتتە مال - مۈلۈك سودىسىنىڭ ھۆججىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى —— سودا - سېتىق قىلغۇچى ئوبيېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى جىنسىي يېشى ئىرقى جەھەتلىرى باھانە قىلىنمايدۇ. سېتىۋېتىلگەن ئادەمنىڭ ئىسمى ئىككىنچى ماددىدا كۆرسىتىلىدۇ. قۇل سودا قىلىنغان ھۆججەتلەرگە ئاساسەن شۇنداق تونۇشقا كېلىشىمىز مۇمكىنكى ھۆرلەر بىلەن قۇللارنىڭ مەرتىۋە پەرقىنىڭ چەك-چېگرىسى كەسكىن بەلگىلەنمىگەن ئۆزگىچە قۇللۇق تۈزۈم شەكلى

ئەينى زامانلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەلۇم ئورۇن تۇتقان. ئائىلىدىكى هۆر ئەزالارمۇ سېتىۋېتىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسە باشقا تىپتىكى قۇللۇق جەمئىيىتىدە مەۋجۇد ئەمەس. باھا سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا قۇللارنىڭ باھاسى تەخمىنەن بەش سەر بولغان. قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئومۇمەن شۇ چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان. قۇللارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشتە جىنسىغا قارىغاندا يېشى بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىنغان. بىر بالا بېقىۋېلىشقا تۆلىگەن پۇل ئەمەلىيەتتە بىر كىچىك قۇلنىڭ باھاسىدىن ئاز بولغان. قۇللارنى سېتىشقا ۋە ئىجارىگە بېرىشكە بولاتتى. قەرزگە تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىشكىمۇ بولاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قۇللارنىڭ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى شەرت-شارائىتلىرى يەنى قەرەل – مۇددىتى يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەكلىرى قاتارلىقلار ئېنىق ئىزاھلىناتتى. ھۆججەتتە تۇتۇق: دېگەن ئاتالغۇ مەخسۇس ئىجارىگە بېرىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

ئىجارىگە بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە ھۆججەتتىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىزكى ئىجارىگە ئالغۇچى ئۈچ يىللىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئون سەر كۈمۈش بېرىشى كېرەك. ئىجارىگە ئالغۇچى پۈتۈم – تۇختام بويىچە

ئىجارىگە ئېلىنغان كىشىنى ئىجارە مۇددىتى ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىجارىگە ئېلىنغان كىشى ئاغرىپ قالسا ئىجارىگە ئالغۇچى ئۇنىڭ ئالتە كۈنلۈك تامىقىنى كۆتۈرىدۇ. ئىجارىگە بەرگۈچى ئۇنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئىجارە مۇددىتى توشقۇچە كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان كىشى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە خاتالىق ئۆتكۈزسە بۇنىڭغا ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ جاۋابكار بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان كىشى ئۆزى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ئۇ چاغدا ئىجارىگە بەرگۈچى جاۋابكار بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئىجارە پۇلىنىڭ يېرىمى ئىجارە ئالغۇچىغا قايتۇرۇلىدۇ؛ ئەگەر پۈتۈم ـ توختامنى بۇزۇپ قويسا ئىجارە ھەققى بىلەن ئۆسۈمنى قوشۇپ ئىجارىگە ئالغۇچىغا تولۇق قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

قەرز ئىجارە ھەققى ۋە ئىجارىگە بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرىدىلا سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرىنىڭكىدىن پەرق بولىدۇ. قەرز ھۆججەتلىرىدە قەرزنى قايتۇرۇش مۆھلىتى بەلگىلەنگەن ئۆسۈمى پۈتۈم ـ توختامنى بۇزغۇچىلار تۆلەيدىغان قەرزنىڭ شەرتلىرى قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ كاپالىتى ۋە كېپىل بولغۇچىلارغا ئوخشاش مەخسۇس ماددىلار بولىدۇ. ئىجارە ھەققى ھۆججەتلىرىگە ئىجارە

ھەققىنىڭ مۆھلىتى بىلەن ئىجارە پۇلىنىڭ سانى ئىجارە ھەققىنى ئالغۇچىنىڭ مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغاندا ياكى ۋەيران بولغاندا پۈتۈم-توختام تۈگۈچىنىڭ جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. يەرنى ئىجارىگە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەتلەر سودا ـ سېتىق ھەققىدىكى ھۆججەتلەر ئوخشمايدۇ. ئۇنىڭدا يەرنىڭ ئورنى كۆرستىلىدۇ. بىراق يەر چېگرىسى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كۆرستىلمەيدۇ. ئىجارىگە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەتلەر «ياقا» «ئانۇق» دەپ ئاتالغان ئىككى خىل ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچى خىلىدا بەلگىلەنگەن ئىجارە سوممىسى كىرگۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى خىلدا ئىجارە سوممىسى كىرگۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى ئىجارە ھەققىنىڭ باھاسى مۇقىم بەلگىلەنگەن بولىدۇ. تىپىك ئىجارە سوممىسى 1:1 بولىدۇ. ئىجارە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەتلەرگە توختاملاشقۇچىلارنىڭ باج ـ سېلىق تۆلەشتە ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلىرى يەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى كىرگۈزۈلىدۇ. ئادەتتە باج ـ سېلىقنى ئىجارىگە ئالغۇچى بىلەن ئىجارىگە بەرگۈچى تەڭ كۆتۈرىدۇ. باج ـ سېلىقنى مۇشۇنداق تەڭ ئۈستىگە ئېلىش ئاساسىدا ئىجارىگە ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچى يەرگە چاچىدىغان ئۇرۇقنى تەڭ چىقىرىدۇ. كىرىمنىمۇ تەڭ ئالىدۇ. ھۆججەتلەر ئىچىدە يەنە ۋەسىيەتنامىمۇ بار. ۋەسىيەتنامىلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ شەكلىگە مۇنداق

ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن: ۋەسىيەتنامىنىڭ پۈتۈن يېزىش شەكلىدىن قارىغاندا باش تەرىپى بىلەن ئاخىرقى قىسمىنى چىقىرىۋەتسەك ئۇنىڭدا مۇنداق تۆت مەزمۇن بار: (1) مىراس تىزىمى؛ (2) ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ مال-مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيتى؛ (3) ۋەسىيەتنامە تۈزۈشنىڭ سەۋەبى؛ (4) ۋەسىيەتنامىگە ئەمەل قىلىش كاپالىتى.

خەت چەكلەر بولسا ــــ بىر يېزىش ئالاھىدە ھۆججەتلەر بولۇپ ئۇلار پۈتۈم – توختاملارغا ئوخشمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەزمۇننى پۈتۈنلەي ئوخشمايدۇ دېگىلمۇ بولمايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ۋەسىيەتنامىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر نەچچە پارچە خەت-چەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدە ئانچە قاتتىق بەلگىلىمە يوق. ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ خەت – چەكلەر بىلەن ھۆججەتلەر شۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇكى يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ خەت بىلەن ئالاقىلىشىش كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قانۇنىي ھەرىكەتلەر يېزىق ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. بىز مۇنداق بىر پاكىتقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان بەزى بىر بۇيۇملار (ئاشلىق ھاراق توقۇلما قاتارلىقلار) غا چېتىشلىق بولغان سودا – سېتىق توختاملىرىنى تۈزۈش بەلگىلىمە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇر

جەمئىيتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى جەمئىيەتلەردە بارلىق سودا – سېتىق هۆججەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەن مەرتىۋىسىگە ئاساسەن شەخسىي مۇناسىۋەتنىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ قارالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. هۆججەت توختاملاشقۇچىلار بىلەن شاهىتلار قاتناشقان ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدۇ. مۇنداق شەرتلەرگە رىئايە قىلغان هۆججەتلەر ئاساسىي هەقىقىي هۆججەت (باش بىتىگ ئۆلۈك بىتىگ چىن بىتىگ چىن باش بىتىگ) دەپ ئاتالغان. قەرز ئالغان مال – مۈلۈكلەرنى قايتۇرغاندا ئىسپات ئۈچۈن « يانتۇت » (تاپشۇرۇپ ئالغانلىق هۆججىتى) يېزىپ بېرىلەتتى. ئاساسىي هۆججەت يىتىپ كەتسە ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان قوشۇمچە نۇسخا هۆججەت يېزىلسا بولاتتى. مۇنداق قوشۇمچە نۇسخا «بۇچۇلۇڭ بىتىگ» دەپ ئاتىلاتتى. پۈتۈم – توختام تۈزۈشكە قاتناشقان توختاملاشقۇچىلار پۈتۈم – توختامنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداشقا بىردەك مەسئۇل بولىدۇ. توختامنامىگە هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ. بىرىنچى كىشىنىڭ ئىسمى توختاملاشقۇچى بىر تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. توختام تۈزۈشكەندە ئومۇمەن ئائىلە باشلىقى ياكى چوڭ ئوغۇل كېپىللىكنى زىممىسىگە ئالىدۇ. ئون ئائىلە (يۈز ئائىلە مىڭ ئائىلە) قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي بىرلىك ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان جەمەتنىڭ بۇ خىل كېپىللىكنى زىممىسىگە ئالغانلىرى ناهايىتى ئاز بولىدۇ. هۆججەتنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك

قىلىش ماددىسىدا قەرزدارنىڭ خوتۇنى ئاكا ـ ئۇكىسى ئوغلى دائىم كېپىللىك قىلغۇچى بولىدۇ. باشقا تۇغقانلىرى مال ـ مۈلۈككە ئېرىشكۈچىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. يەر بىلەن قۇللار ئائىلىنىڭ ياكى جەمەتىنىڭ ئورتاق مۈلكى ھېسابلىناتتى. قەرز ئوبيېكتلىرى —— پۇل، توقۇلما مال، ئۈنچە ـ مارجان ئاشلىق ھاراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ماددىي مال قەرز ئالسا تۆلەيدىغان ئۆسۈمى ئومۇمەن باش كۆزدە ئەسلى ئالغان مالدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بولاتتى. قەرز تۆلەش نەرسە قەرز ئېلىش ۋاقتى ئومۇمەن پىشىم مەزگىلى بولۇپ تۆلەيدىغان ئۆسۈمى 100% بولاتتى. پۇل قەرز ئالغان بولسا ھەر ئايدا 2.5-3.3 پىرسەنتكىچە تۆلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل قەرز ئالغان ھۆججەتكە تۆلەش ۋاقتى يېزىلمايتتى. پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىدىن باشقا قەرز ھۆججىتىگە تۆلەش ۋاقتىغا خىلاپلىق قىلغاندا قەرز تۆلەشنىڭ شەرتلىرى بەلگىلىنەتتى. توختام بۇزۇلسا توختامنى بۇزغان تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە ئىككى ھەسسە زىيان تۆلەپ بېرەتتى. لېكىن قانداق دائىرىدە بولغاندا توختامغا رىئايە قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ھۆججەتلەرگە ئوچۇق يېزىلمىغان. پەقەت بىردىنبىر ھۆججەتتە يېزىلىشىچە كىمكى ئېلگىرى سېتىۋېتىلگەن قۇلنى ئەرز قىلىپ قايتۇرۇۋالسا ئىككىنچى تەرەپكە توققۇز سەر پۇل تۆلەيدۇ دەپ يېزىلغان. لېكىن قۇل ساتقان پۇل ئىككى ھەسسە تۆلىنىدۇ دېيىلمەستىن بەلكى بەلگىلىمە بويىچە دەسمايە تۆلەپ

بېرىلىدۇ دېيىلگەن. ھۆججەتلەرنىڭ ئاخىرىدا دائىم «نىشان» بىلەن «تامغا» ئاتالغۇسى ئارقىلىق ئىمزا قويۇش ئىپادىلىنىدۇ. «نىشان» ئاتالغۇسى كۆپ ھاللاردا قول قويۇشنى ئىپادىلەيدۇ. «تامغا» كۆپ ھاللاردا سودا ـ سېتىق ۋە پۇل قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلغان. «نىشان» بولسا ئۆز زامانىسىدىكى ھەر قاندا بىر خىل يازما ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلگەن.

دىنىدىن خالى بولغان ھۆججەتلەردىكى تىلنى شۇ چاغدىكى دىنى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنى خەلقنىڭ جانلىق تىلى بىلەن ئوخشاش دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ھۆججەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە دىنىدىن خالى بولغان ھۆججەت تىلى مەۋجۇد بولۇپ ئۇ يازما تىلنىڭ ئالاھىدە فورمىسى ئىدى. دىنىدىن خالى بولغان ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتكەن پاكىتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يازما تىل بىلەن ئاغزاكى تىل بولغان. يازما تىلنىڭ ئۆزى بىردەك بولمىغانلىقتىن ئەھۋال تولىمۇ مۇرەككەپلەشكەن. يېزىق تىلى بىر تەرەپتىن دىنىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك» فورمىسى بولغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن «دىپلوماتىيە شەكلى» دىكى فورما ئىدى. دىپلوماتىيە شەكلىدىكى ئۇقۇملار سىستېمىسى ئۆز رولىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۈندىلىك تىل سىستېمىسىغا يېقىنلىشاتتى. بۇ خىل يېقىنلىشىش «دىپلوماتىيە شەكلى» دىكى تىلدا ئىشلىتىلگەن بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

# خوْتەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرغىچىلىك مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش سەۋەبلىرى

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=37

خوْتەن ئۇيغۇرلىرى تارىخى ئۇزۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئەمگەكچان، باتۇر خوْتەن ئۇيغۇرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

خوْتەن ئۇيغۇرلىرى ئاساسلىقى چاڭدې شەھىرىنىڭ تاۋيۇەن ناھىيىسىدە، دىڭچېڭ رايونى ۋە ۋۇلىڭ رايونلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، چاڭدې شەھىرىنىڭ خەن شۇ، زاۋشيەن ناھىيىلىرىدە، جىن شى شەھىرى ۋە چاڭشا، جۇجۇ، خېڭياڭ، شياڭتەن، يۆياڭ، جاڭجياجيې قاتارلىق شەھەر - رايونلاردىمۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان. 1990- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، خوْتەن ئۆلكىسىدە جەمئىي 5739 نەپەر ئۇيغۇر بولغان. چاڭدې شەھىرى بىلەن تاۋيۇەن ناھىيىسىدە 5477 نەپەر ئۇيغۇر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئۇيغۇرلا ئومۇمى سانىنىڭ 95% نى تەشكىل قىلغان.

خوْتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا باغلاشقا بولىدۇ. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىر مەھەل

دەۋر سۈرگەندىن كېيىن قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ. قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە قىتانلارنىڭ زۇلۇمى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى تېمۇرچىن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە قوچۇ ئىدىقۇتى بىلەن تۇتۇق بەگ خەلىل قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قوۋمىنى باشلاپ، تېمۇرچىنغا بەيئەت قىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ غەربىي يۈرتنى بويسۇندۇرۇشىغا، تاڭغۇت، جىن، سوڭ سۇلالىلىرىنى يوقىتىشىغا كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە خەلىل باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەلىل باتۇر ھەم چەبدەس بولغاچقا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ خانىغا بەك ياراپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ھۇجۇمچى سانغۇن دېگەن نامنى بەرگەن. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ پۇشتى ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا يۈەن سۇلالىسىدە ئاتا مىراس ئەمەلدار بولغان.

ئەمما 14- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇدرەت تاپقان. بۇ ۋاقىتتا مىڭ تەيزۇ يەنى جۇ يۈەنجاڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەسىرىنى تازىلاش، شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ چېگرا رايوندىكى پاراكەندىچىلىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، «ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش» تاكتىكىسىنى قوللانغان. مىڭ تەيزۇ خەلىلنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئەۋلادى خەلىل باشنى ئاستانە يەنجىڭنىڭ باشبۇغى قىلغان. خەلىل باشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك سانغۇنلىرى بولغان لى ۋېنجۇڭ، شۈي دا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1371- يىلى مىڭ تەيزۇ (جۇ يۈەنجاڭ) ئۇنىڭغا جىيەن (剪) دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلغان. ئىسمىنى "八十" دىن "八士" غا ئۆزگەرتكەن. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىدىكى "جىيەن" فامىلىسى شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ۋە ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جۇ يۈەنجاڭ خەلىل باشنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇنى بېيجىڭدىن يۆتكىۋەتكەن ھەمدە جىڭشىياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، خۇگۇاڭ، چېنجۇ، چاڭدې ئەتراپلىرىنى ساقلاشقا قويغان. 1389- يىلى باشى جەنۇبتىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىشتا جەڭدە قازا قىلغان. يارلىققا بىنائەن جەستى قايتۇرۇلۇپ كېلىنىپ چاڭدېغا دەپنە قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋيۈەندە ماكانلىشىشى شۇنىڭدىن باشلانغان. خەلىل باشنىڭ ئوغلى بەي جۇ ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قوشۇن باشلاپ جەنۇبتىكى قوزغىلاڭلارنى كۆپ قېتىم تىنچىتقان. بەختكە قارشى ئۇمۇ جەنۇبتىكى (يۈننەندە) جەڭدە قازا قىلغان. ئۇنىڭ جەستىمۇ چاڭدېغا ئەكىلىنىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بەي جۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا: " چاڭدېنىڭ باقاۋۇللىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جىيەن (剪) تۇغلۇق قوشۇنىغا داۋاملىق باشچى بولۇپ، چاڭ دې، تاۋ يۈەن، چېن جۇ ئەتراپلىرىدا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاي، ۋۇلىڭنى قوغدىغاي" دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

1467- يىلى باقاۋۇل جىيەن شاڭ ئوغرىلارنى تۇتتۇشتا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، چاڭدېنىڭ سولقول مىڭبېشىلىققا چۈشۈرۈلدۇ. شۇندىن كىيىن خەلىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەل - ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولۇپ، يەر تېرىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئېلىپ - سېتىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، ئۇقۇپ ئۆلىما ۋە ئالىم بولۇپ، چاڭدې شەھرىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىنى ماكان تۇتۇپ، ئاۋۇپ، روناق تېپىپ، 26- ئەۋلادقا قەدەم قويۇپ، بۈگۈنكى تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردۇ.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىغا هازىر 600 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا، ناتونۇش مۇھىتتا، نوپۇسى ئىنتايىن ئاز، دىنى ئېتىقات، تۇرمۇش ئۆرۈپ - ئادىتى يەرلىك مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ روناق تېپىپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتكەن هازىرقى خۇنەن ئۇيغۇرلىرى بولۇپ تۇرالىشىدا تۆۋەندىكى ئامىللار مۇھىم رول ئوينىغان.

1. ياشاش ۋە روناق تېپىشقا بولغان ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولغان

قۇجۇ تۇتۇق بېگى خېلىل قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىنگىزخان بىلەن بىرلەشكەن ھەمدە ئىسلام قوشۇننى باشلاپ، ھەربىي يۈرۈش قىلغان. بۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم چېگرا رايوندىن ئىچكىرىگە كۆچىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خەلىل باشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەي جۇ جەنۇبتىكى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىش ئۈچۈن

ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە قازا قىلغان. يارلىق بويىچە جەستى چاڭدېغا دەپىنە قىلىنغان. ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ئەمەل – مەرتىۋىسىگە ۋەلىئەھد بولۇپ، چاڭدې، تاۋيۈەنلەردە ھەربىي تېرىقچىلىق قىلغان. شۇ ۋەجىدىن خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىن جەنۇب تەرەپكە كۆچكەن. ئەسلىدە شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان خەلىل جەمەتىدىكىلەر تارىخنىڭ ئىككى قېتىملىق بورىنىنىڭ ئۈزىتىشى بىلەن جيەن جەمەتىدىكىلەرگە ئۆزگەرگەن.

تارىختا بۇ ئىككى قېتىملىق كۆچۈشكە ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق سەۋەب بولغان. جيەن جەمەتى 11- ئەۋلاد يەنى چۇڭدېدىن كيىن ئەمەل – مەرتىۋىدىن مەھرۇم بولۇپ، ياشاش يولىدا ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا شۇغۇللىنىپ كەلگەن ھەربىي يۈرۈش ھاياتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ پۇقرالىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا نوپۇسى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش ئۆرۈپ – ئادىتى، دىنى ئېتىقادى يەرلىكلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە ئىدى. تىل ئۇقۇشمايتتى، بۇنىڭدىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن جيەن تۇغلۇق قوشۇنىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا قانچىلىك ئېغىر جاپا – مۇشەققەتلەرنى چەككەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش دەۋرىدە ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنىمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە يۇمشاتقىلى بولمايتتى. شۇڭا ئەمگەكچان، باتۇر خۇنەن ئۇيغۇرلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە قەيسەرلىكىگە تايىنىپلا ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن

شۇغۇللانغان ھەمدە خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. ئۆز-ئارا ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىغان. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ ياشاش ۋە روناق تېپىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن، ھەم تارىخ پەيدا قىلغان مىللىي ئازارلىقنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرگەن. خۇنەن ئۇيغۇرلىرى تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز روناق تاپقۇزغان. ئاھالىسى پەيدىن - پەي كۆپىيىپ، نوپۇسى ھازىر 6000 غا يەتكەن ۋە ئاشقان.

2. يەرلىك مىللەتلەر بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

مەيلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىدا بولسۇن، ياكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا جەنۇب تەرەپلەرنى ساقلاشتا بولسۇن، خۇنەن ئۇيغۇرلىرى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۈيجۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي قوزغىلاڭلارنى كۆپ قېتىم باستۇرغاچقا، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قەلبىدە يامان تەسىر قالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلىقى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش سىياستىنى يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەب بولغان. خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قورال قىلىۋېلىنغانلىقىمۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى زور بىر تراگېدىيىدۇر. مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى

مىراسخور ئەمەل – مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ھەقىقىي پۇقرالىق سالاھىيىتىدە ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ياخشىلىدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ خۇنەندە پۈت تىرەپ تۇرۇش، ياشاش ۋە روناق تېپىشقا ئىنتىلىشىنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىختىن قېپقالغان مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئازارلىق ئاساسى جەھەتتىن تۈگىتىلدى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېڭى سەھىپە يېزىلدى.

3. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرغان

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى دىنى ئېتىقات، تۇرمۇش ئۆرۈپ-ئادىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە يەرلىك مىللەتلەردىن پەرقلەنگەچكە ئۇزاق مۇددەت كەمسىتىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ۋاز كەچمىدى. بەلكى مۇشۇ ئاساستا باشقا مىللەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ مۇقىم پىسخىك ساپادىن باشقا خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەنزۇچە ۋە ئەرەبچىنى تەڭ قوللىنىشى ئۇلارنى مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتە ھەممىنى قوبۇل قىلىش

شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داۋامىدا خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمى ئىزلىرى ۋەيران قىلىنىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى نابۇت قىلىندى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3- ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى پەيدىن - پەي ئەسلىگە كەلدى.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى تارىخنىڭ 600 يىللىق ئەگرى - توقاي يوللىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. پاكىتلار ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نۇرغۇن تارىخى شاھىتلىرى جەڭ ئوتلىرىدا ۋەيران بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي بوران - چاپقۇندا ئامان قالمىغان. بۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن زور بەختسىزلىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى بىز ئۇيغۇرلا ئۈچۈنمۇ بىر يوقىتىشتۇر.

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ قورالىنىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا

# ھەربىي مەشىق

تورغا يوللىغۇچى: Yawuz

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=14

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان خانلىق بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا تارقاق ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، بىرلىككە كېلىپ شەھەرلىشىشكە باشلىغان ھەم " تېلې قەبىلىلىرىنىڭ بايراقدارى بولۇپ، يايلاق دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ سەھنىدە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلغان "① ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يالغۇز يايلاق دۇنياسىدا دەۋر سۈرۈپلا قالماي، يەنە يىپەك يولىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ئويناپ، غەرب - شەرق سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. يىپەك يولىنى قوغداش ۋە يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆركلەرنى يوقىتىشى ۋە ئۆكتلۈك - سۆيگۈم توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلەرمۇ دەل مانا شۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئىدى.

## 1- ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ قورالىنىشى

ھەرقانداق قوشۇننىڭ جەڭدە غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، جەڭگىۋارلىقىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى، شۇ قوشۇننىڭ قوراللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئەينى چاغدا خىل قوراللانغان قوشۇن ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىرى ئاساسلىقى ئات، ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، قالقان، دۇبۇلغا، ساۋۇت، سالما قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغىنى ئات بىلەن ئوقيا ئىدى.

ئات ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاتنىڭ جەڭدە ئوينايدىغان رولىنى تولۇق ھېس قىلغاچقا، ئاتنى دۇنيا بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن كۆندۈرگەن ۋە ئات بېقىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە جەڭدە ئاساسلىقى ئاتلىق قوشۇن ئىشلەتكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان ئەسكىرىي تۈرگە كىرگەچكە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلىرىدە " ئات ئەسكەرنىڭ دەسمايىسى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ........ قوشۇن تارتقانلار شۇنىڭغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ"②. " بىر ئاتلىق ئەسكەر سەككىز ئەسكەرگە تېتىيدۇ"③ دەپ خاتىرىلىنىپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا يۇكسەك باھا بېرىلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاتنى ناھايىتى كۆپلەپ باققان ۋە ئۇرۇشلاردا كەڭ - كۆلەمدە ئىشلەتكەن. چۈنكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئات ناھايىتى كۆپ چىقىم بولاتتى، « كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى »غا ئاساسلانغاندا كۆلتېكىن چاچا سەنگۈن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۈچ قېتىم ئات ئالماشتۇرغان (« كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى » شەرقىي يۈزى 33- قۇر). ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدە " ھەرقايسىسى بىردىن ئاتقا مىنگەندىن سىرت يەنە بىر ئاتنى يېتىلىۋالاتتى "،

بەزىدە " بىر ئەسكەر تۆت ئاتنى يېتىلىۋالاتتى "④. بۇلار بۇ ئاتلارنى يالغۇز ئۇرۇشتا يۇقىرى سۈرئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىۋالاتتى. چۈنكى ئۇلار " ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ يەپ ئاچلىقنى باساتتى. ئۇسساپ قالسا بايتالنى سېغىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇراتتى "⑤. شۇڭا ئات ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھە قېتىملىق جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشىدىكى ئاسلىق ئامىل ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى جەڭچىلەرنىڭ باشقا قورالىرى ۋە قوراللىنىشى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە بىۋاستە خاتىرە بولمىسىمۇ، ئەمما بىز بەزى ۋاستىلىك خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز ۋە بۇ ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيمىز. قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەر ئۇرۇشقا ئاساسەن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، قالقان قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ چىقاتتى. مەسلەن « ئوغۇزنامە » دە: " كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى، نەيزە ئېلىپ، ئوقيا ئېلىپ، يەنە قىلىچ ئېلىپ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى"⑥ دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگە تولۇق قوراللىنىپ چىقىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوقيا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق قورالى ئىدى. قەدىمكى دەۋرلەردە جەڭدە چوڭ قوشۇنلار ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن يىراقتىن بىر ـ بىرىگە ئوقيا ئارقىلىق ھۇجۇم

قىلىپ، توسۇپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلغاندا ئاندىن نەيزە ۋە قىلىچ ئىشلىتەتتى. ئۇيغۇرلار ئوقيانى ئادەتتە جەڭدە ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى ئوۋچىلىقتىمۇ ئىشلىتەتتى. ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغاچقا، ئۇلار ئوقيا ئېتىشقا كىچىكىدىنلا پىششىق كېتەتتى. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە " ئوقيا بىلەن بىر ئادەمنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگەندە، ئوق قاتار تۇرغان ئىككى ئادەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى"⑦. ئوقيا پوروخلۇق مىلتىق زەمبىرەك كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، كۈچلۈك زەربە بېرىش قورالى ۋە قىرغۇچى قورال بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئوقياغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، خىلمۇ ـ خىل ئوق ۋە يالارنى ياسىغان ئىدى. يا چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە نىشان ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئوقمۇ ئاۋازلىق ئوق، يەڭگىل ئوق ۋە مەشىق ئوقى دەپ بىرقانچىگە ئايرىلاتتى.

ئاۋازلىق ئوق ــــ دەستىسىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن كاۋاك، ئۈچ تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق ياسىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا باشاق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوق ماڭغاندا ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ ئوق ئەڭ دەسلەپتە ھونلار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، « تارىخنامە »دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ئىدى.

يەڭگىل ئوق ــــ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئوق بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ئوقنىڭ باشىقى مىس ياكى تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولۇپ، نىشان ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق ئىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا " كاماندازلار 50 ـ 60 مېتىر

دائىرە ئىچىدىكى نىشانغا توغرا تەگكۈزەلەيدىغان، ئۈنۈملۈك ئېتىش مۇساپىسى 160- 175 مېتىرغىچە بولغان "⑧ ئوق مۇشۇ خىلدىكى ئوق بولۇشى مۇمكىن.

مەشىق ئوقى تۆمۈر باشاقنىڭ ئورنىغا يۇملاق ياغاچ باشاق بېكىتىلىپ ياسىلاتتى⑨. بۇ ئاساسلىقى باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىشىدا ئىشلىتىلەتتى.

قىلىچ بىلەن نەيزىمۇ قەدىمكى زامانلاردا دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ۋە قىرىشتىكى ئاساسلىق قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى نەيزە بىلەن قىلىچنىڭ يېقىن ئارىلىقتىكى قۇچاقلاشما جەڭلەردە دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشتىكى رولى ئوقيادىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا " هونلار يىراقتا ئوقيا، يېقىنغا قىلىچ - نەيزە "⑩ ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ يىراقتا ئوقيا، يېقىنغا قىلىچ - نەيزە ئىشلىتەتتى. بۇنى كۆلتېكىننىڭ " بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى، ئىككى ئەرگە نەيزە سانچىغانلىقى "، " ئالتە ئەرگە نەيزە سانچىغانلىقى ۋە قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا يەتتىنچى ئەرنى قىلىچلىغانلىقى " تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سالما ـــــ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چارۋىچىلارنىڭ پىتراپ كەتكەن ئات، قوي، كالىلارنى تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان چارۋىچىلىق قورالى بولۇپلا قالماي، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەڭلەردە ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قوراللىرىنىڭ بىرسى ئىدى. تارىخى ماتېرىياللاردا چارۋىچىلار مىللەتلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان هونلار ۋە كۇچارنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي هۇنلارنىڭ ئەۋلادى بولغان كۆەيخۇلارنىڭ ئۇرۇش

ۋاقىتلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئادەمگە سالما تاشلايدىغانلىقى ۋە كۆپىنچە ھاللاردا دەل چۈشۈرىدىغانلىقى[11] قەيت قىلىنغان. شۇنداق قىياس قىلالايمىزكى، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋارىسى، يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن چارۋىچىلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سالمىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇلار سالمىنى جەڭلەردە قورالسىزلىنىپ قالغاندا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ياكى دۈشمەننى تىرىك تۇتۇپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. يەنە كېلىپ سالما پاختا يىپ، يۇڭ يىپ ۋە تېرە تاسمىلاردىن ياسىۋېلىشقا بولىدىغان ناھايىتى ئاددىي قورال ئىدى.

" ئۇنىڭ ساۋۇت يەلمەسگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى "[12]، " مېنىڭ ...... ساۋۇت دۇبۇلغا كىيگەن 500 دىن ئارتۇق قوراللىق ئاتلىق قوشۇنۇم ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىم "[13] دېگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار جەڭلەردە ئوقيا، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق ھۇجۇم قىلغۇچى قوراللار بىلەنلا قوراللىنىپلا قالماستىن، يەنە دۇبۇلغا ساۋۇت قاتارلىق قوراللار بىلەنمۇ ئۆزىنى قوغداشنى بىلگەن.

ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە چۈشكەندە تۇغ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇغلىرى ئاق رەڭلىك ئىدى. ئۇلار يەنە بۇرغا، سۇناي ۋە جەڭ دۇمبىقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇراتتى[14]. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە سال ۋە تۇلۇملاردىن پايدىلىنىپ دەريادىن ئۆتۈشنى بىلگەن بولۇپ، بۇنى بايانچۇر خاقانىنىڭ " ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقا باشى (دېگەن يېرى) نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقا باشىنىڭ تۆۋەن يېنىدىن

سال سېلىپ ئۆتتۇم"[15] دېگەن سۆزلىرى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ناھايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان.

ئىزاھلار

① ئابې تاكئو « غەربىي ئۇيغۇرىيە ھەققىدە تەتقىقات » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىلى خەنزۇچە نەشرى 8- بەت

② ③ ⑦ [14] ياڭ شېڭمىن « قەدىمكى ئۇيغۇرلار » جىلىن مائارىپ نەشرىياتى 1991- يىلى خەنزۇچە نەشرى 133- 135- بەتلەردە ئېلىنغان نەقىل

④ « يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » 6135- بەت

⑤ « قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى » 1956- يىلى ئالمۇتا رۇسچە نەشرى 231- بەت

⑥ « ئوغۇزنامە » مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 22- قۇر

⑧ مورىيىنەن « ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى » شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 1988- يىللىق 2- سان

⑨ مەھمۇت قەشقىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1- توم 517- 556- بەتلەر

⑩ سىماچيەن « تارىخى خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 391- بەت

[11] « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1- قىسىم 86- بەت

[12] « كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى » شەرقى يۈزى 32- قۇر

[13] [15] « بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى » « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » ئۇيغۇرچە 119- 120- بەتلەر

## 2. ئۇيغۇرلاردا ھەربىي مەشق

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر " ئوقيادىن پايدىلىنىش ۋە ئات ئۈستىدىن ساداق ئۇزۇشتىن گەپ ئاچقاندا، چوقۇم ئۇيغۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇش كېرەك "① دەپ ناھايىتى توغرا باھا بەرگەن. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيادىن پايدىلىنىشى ۋە ئات ئۈستىدە ساداق ئېتىشتا ئۇستاز بولالىشى، ئۇلارنىڭمۇ ھۇن ۋە باشقا چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىشنى، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

« تارىخى خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە » دىكى " ھۇنلارنىڭ ئۆسمۈرلىرى سەركە مىنىپ ئوقيا بىلەن قۇش ۋە چاشقان ئاتالايدۇ. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئۇنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. قورامىغا يەتكەندە ھەممىسى قوللىرىغا كامان ئېلىپ، ساۋۇتلۇق چەۋەنداز بولىدۇ"، « كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى » دىكى " كۆلتېكىن 10 يېشىدىن باشلاپلا چوڭ ئادەمدەك تەربىيىلەندى. 16 ياشقا كىرگەندە چوڭ قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى "، « قارا تاتارلار خاتىرىسى » دىكى " موڭغۇللار بوۋاق بالىنى تاختايغا تېڭىپ، ئاندىن تاختاي بىلەن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە باغلاپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاقلار ئانىسىدىن ئايرىلماي يۈرەتتى. ئۈچ ياشقا كىرگەندە بالا ئانا بىلەن بىللە ئېگەرگە باغلاپ قويۇلاتتى. قول بىلەن

ئېگەرنى تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقى ئۇچۇن باشقىلار بىلەن ئات چاپتۇرۇپ يۈرەلەيتتى. 4- 5 ياشقا كىرگەندە قولتۇقىغا كىچىك يا بىلەن قىسقا ئوقنى قىستۇرۇپ يۈرەتتى، چوڭ بولغاندا يىل بويى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى "②. دېگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چارۋىچى مىللەتلەر كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا باللارغا ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلدۇرۇش ئەنئەنىسنى ئىزچىل ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھۇن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋردە ياشىغان ۋە، ئەتراپتىكى مىللەت ۋە رايونلارغا زور تەسىرلەرنى كۆرستىپ، ئورخۇن ۋادىسىدا بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلمىغان بولسا، ئوقيا ئېتىش ۋە ئات مىنىشنىڭ ئۇستازى بولالمىغان ھەم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئالدىدا ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئېتىپ ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىنان خۇزخۇرەند (ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر) دېگەن نامغا ئىگە بولالمىغان بولاتتى.

ئوۋچىلىقمۇ ھۇن، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە دۆلەت ئىقتىسادىدا مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلىگەن. ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەڭچى بولىدىغانلارنى تەربىيلەش، ئۇرۇشتا سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پۇسادمۇ " ئوۋخۇمار ....... دائىم دېگۈدەك سەپ تۈزۈپ ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق ئادەم ئىدى "③. سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلغاندا بارلىق قوۋملار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ قۇش ۋە ھايۋانلار كۆپ بولغان رايونلاردا

ئۇۋ ئۇۋلايتتى. بۇنداق كەڭ كۆلەمدىكى ئۇۋ ئۇۋلاشقا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاتلىق ئۇۋچىلار قاتنىشىپ، ئۇلار بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا بىردەك ھەرىكەت قىلاتتى. تارىخى ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سەپ تۈزۈپ ئۇۋ قىلىشى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان ھونلار ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئوخشاش بولغان موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ قورشاۋ ئۇۋغا چىقىشى ھەققىدىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىزنى بۇ ھەقتىكى ۋاستىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى »دا، ھۇنلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇۋ قىلىشى ھەققىدە: " ئۇۋ ئۇۋلاش ھۇن جەڭچىلىرىنىڭ قەيسەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئەڭ ياخشى مەيدان ھازىرلاپ بېرەتتى ..... چەۋەندازلار كەڭ دائىرىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاپ، بىرقانچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان چوڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلاتتى. ئاندىن بۇ چەمبىرەكنىڭ مەركىزىگە قاراپ تەرتىپ بىلەن ئىلگىرىلەيتتى ....... بۇنداق چاغلاردا چەۋەندازلارنىڭ يۈرۈشى دائىم بىرقانچە كۈن داۋاملىشاتتى. ئۇلار تاغ داۋانلاردىن ئېشىپ، ئېقىن -دەريا، ساي - جىلغىلاردىن ئۆتەتتى. بەلگىلەنگەن نىشانغا تەدرىجىي ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ قويمايتتى. ئۇلار مەركىزى نىشاننى توغرىلاپ ياندىكى ھەمراھلىرى بىلەن مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ ئات چېپىپ ئىلگىرىلەشكە ئادەتلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئىككى ياندىكى قىسمىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ باراتتى، بەزىدە ئاستا ئىلگىرىلەپ شۇ ئارقىلىق قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى. ئۇلار سەركەردىلەرنىڭ ئاۋاز بەلگىسىگە دىققەت قىلىشى ھەمدە ئۆز - ئارا بەلگە بېرىپ ئالاقىلىشىپ

تۇرۇشى لازىم ئىدى. سەركەردىلەر بۇ ئەمەلىي مەكتەپتە ئەڭ مۇھىم ھەربىي ماھارەت دەرسلىكىنى، يەنى ئوۋ مەيدانى، ئارىلىقى، ۋاقتى ھەققىدە تېز ھەم توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنىشۋالاتتى. ئۇرۇش بولغاندا ئۇلار پەقەت نىشاننى ئالماشتۇرسىلا، يەنى ياۋايى ھايۋانلارغا قورشاپ زەربە بېرىشتىكى سەۋرچانلىقى، قەيسەرلىكى ۋە ماھارىتىنى دۈشمەنگە ئىشلەتسىلا بولاتتى "④ دەپ خاتىرىلەنگەن بولغان مەشھۇر تارىخچى دوسسانمۇ " موڭغۇللارنىڭ قورشاۋ ئوۋغا چىقىشى ھەربىي ئىشلارغا ئوخشايدۇ. ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ھايۋانلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى رازۋېدكا قىلىدۇ. مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن ھەر ئون كىشىدىن بىرنەچچە كىشىنى تاللاپ قورشاۋ ھالقىسى تۈزۈپ ھايۋانلارنى قوغلىتىدۇ. نىشانلىغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئاندىن قوشۇننى سول قانات، ئوڭ قانات ۋە ئوتتۇرا قىسىمغا بۆلۈپ ئوۋنى باشلايدۇ" ⑤. دەپ مەلۇمات بەرگەن. مانجۇلاردىمۇ " ئوۋ باشلانغاندا ھەر كىم بىر تالدىن ئوق چىقىرىدىغان، ھەر 10 ئادەمگە بىر باشلىق تەيىنلىنىدىغان ..... ئوۋ قىلغاندا قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا يول قويۇلمايدىغان"⑥ بەلگىلىمە بار ئىدى. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، بىز ھونلار بىلەن مانجۇ، موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋردە ياشىغان ھەم ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان ئۇيغۇرلارنى ئەسكەرلەرنى تەربىيلەشتە يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللانغان، « يېڭى تاڭنامە » دە خاتىرىلەنگەن پۇسادنىڭ " دائىم دېگۈدەك سەپ تۈزۈپ ئوۋ قىلىشى "نىڭ شەكلى، ئۇسۇلى ۋە مەقسىتىنى يۇقىرىغا ئوخشاش دەپ ئېيتساق خاتا ئېيتمىغان بولىمىز. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قورشاۋ ئوۋ قىلىش ئۇيغۇر قاتارلىق چارۋىچى

مىللەتلەر ئۇچۇن ئەڭ ياخشى تەلىم - تەربىيە، قوماندانلىق قىلغۇچىلار ئۇچۇن بولسا ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مانېۋىر ئىدى. ئۇلار ياشىغان مۇھىتنىڭ ناچارلىقى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ سوغۇق بولۇشى، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدىكى ئاچ - توق قېلىشلار ئۇلارنىڭ سوغۇققا، ئاچلىققا ۋە تەشنالىققا تاقەت قىلىش، جاپا مۇشەققەتكە چىداش قاتارلىق قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى ھەمدە ئۇلارنى تەشكىلچان، ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىشتۈرەتتى. ئۇلاردىكى " ئۇرۇشقا ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنلەرنى مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش "، " ئۇرۇشتا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە بىساتىنى مۇسادىرە قىلىپ جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىش "⑦ تەك ھەربىي ئىنتىزاممۇ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا ئىلھام بېرەتتى. خۇددى ھونلار " پۈتۈن مىللەت بويىچە تەييار بىر ھەربىي قوشۇن "، " جەڭ قىلىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق "⑧ بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارمۇ پۈتۈن مىللەت بويىچە تەييار ھەربىي قوشۇن ھەم شۇنداقلا جەڭ قىلىشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى.

ئىزاھلار

① ياڭ شېڭمىن « ئۇيغۇر تارىخى » جىلىن مائارىپ نەشرىياتى 1991- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 135- بەتتىكى نەقىل

② مورېننەن « ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى » « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە 1988- يىللىق 2- سان 94- بەتتە ئېلىنغان نەقىل

③ مەھمۇد قەشقىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم 156- بەت

④ « كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1986- يىلى 2- نەشرى خەنزۇچە 5196- بەت

⑤ مو رېننەن « ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمى » « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە 1988- يىللىق 2- سان 84- بەتتىن ئېلىنغان نەقىل

⑥ دوسسان « موڭغۇل تارىخى » جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1962- يىلى خەنزۇچە نەشرى 1- توم 156- بەت

⑦ مو دۇڭيەن « مانجۇلار تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر » خەلق نەشرىياتى 1958- يىلى خەنزۇچە نەشرى 64- 65- بەتلەر

⑧ « يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » 6124- بەت، « كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە » 5345- بەت

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈلۈشى

تورغا يوللىغۇچى: Yawuz

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=141

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇھىم بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار تارقاق قەبىلىدىن بىرلىككە كەلگەن خانلىق ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. شۇنىڭدەك خانلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىمۇ مىسلىسىز كۈچىيىپ، خانلىقنىڭ ياشناپ گۈللىنىشىنى تىنچ، خاتىرجەم مۇھىم بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ماقالەمدە ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈلۈشى ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە دەسلەپكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. قوشۇننىڭ ھەربىي تەشكىلى تۈزۈلۈشى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ خۇددى ھۇنلارغا ئوخشاش ھەربىي فېئودال خاراكتېرلىك دۆلەت ئىدى. ئۇلار ھەربىي تەشكىلى تۈزۈم جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىي ئاساسىدىكى ئونلۇق سىستېما بويىچە سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. " ئونلۇق سىستېما بىلەن سەپ تۈزۈش شەكلى (十进法)، قەدىمدىن تارتىپلا شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار ئىدى"[1]. ئونلۇق سىستېما بىلەن سەپ تۈزۈش شەكلى، ئاساسلىقى ئۇرۇق – قەبىلە تەشكىلىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئەسكەرلىرى باشلىقلىرىنى تونۇمايدىغان، باشلىقلىرى

ئەسكەرلىرىنى چۈشەنمەيدىغان ئەھۋال ئاساسەن يۈز بەرمەيتتى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ جەڭنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولاتتى. ئونلۇق سىستېمىغا ئاساسەن ئەسكىرى قوماندان بولغان ئون بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى، تۈمەن بېشى قاتارلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ئىدى. ئۇلار قورشاۋ ئوۋ جەريانىدا رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتىنى داۋاملىق مەشىق قىلىپ تۇرغاچقا، تەشكىللەش قابىلىيىتىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوشۇن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا تېخىمۇ راۋاجلانغان ۋە مۇنتىزىملاشقان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئاۋام خەلق بۇرۇنقى چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش تىنچ ۋاقىتلاردا ئىشلەپچىقارغۇچى، جەڭ ۋاقتىدا جەڭچى بولۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە قاغان ئوردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي ئورۇنلاردا مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە كەسپىي ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزغان. بىزنىڭ بۇ كۆزقارىشىمىزغا ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر ئېلىدە ساياھەتتە بولغان مەشھۇر ئەرەب ساياھەتچىسى تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى دەلىل بولالايدۇ. تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئېيتىشىچە، " ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى بىر شەھەردە تولۇق قوراللانغان ئۇيغۇر قوشۇنىدىن 20 مىڭى بولۇپ، قاغان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچىلەرلا 12 مىڭدىن ئاشىدۇ "[2] كەن. جۈملىدىن « كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » دىكى " قاغانغا بىۋاستە قارايدىغان رايونلار، شۇنىڭدەك پايتەختنىڭ ئۆزىدە جەڭگە قاتنىشالايدىغان جەڭچىلەرلا 50 مىڭ ئىدى "[2] دېگەن بايانلاردىنمۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان دائىمىي ئارمىيە، يەنى مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە يەكۈن چىقىرالايمىز.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى زور كۆلەملىك ھەربىي قوشۇننى كونترول قىلىش ئۈچۈن، بىر يۈرۈش مۇكەممەل ھەربىي تەشكىلىي ئاپپارات ئورناتقان، يەنى قاغاننى مەركەز قىلغان ھالدا تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يابغۇ، شاد، ئىلتەبىر، تۇدۇن، بىي ياكى بەگ، تارخان ۋە بۇيرۇق قاتارلىق ئەمەللەرنى تەسىس قىلىپلا قالماستىن، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىپ، تۇتۇق، سانغۇن قاتارلىق ئەمەللەرنى تەسىس قىلغان.

1. قاغان. قاغان دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، دۆلەتنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلاتتى. قاغانلار ئاساسەن ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مىلادىيە 821- يىلى يىلىدىن باشلاپ قاغانلىق ھوقۇقى ئاتئېز ۋە ئازار قەبىلىلىرىگە ئۆتكەن.

2. يابغۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغان بىلەن خاتۇندىن قالسىلا ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدار بولۇپ، بۇ ۋەزىپىگە ئاساسەن تەخت ۋارىسلىرى قويۇلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلار ۋە قاغاننىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى. « بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى »دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئاساسەن بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتى[4].

3. شاد. شادلارمۇ ئاساسەن ئاساسەن قاغانلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن تەيىنلىنەتتى ۋە قەدىمكى ئەنئەنىگە ئاساسەن سول شاد ۋە ئوڭ شاد دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. شادلارنىڭ قولىدا ئەمەلىي ھەربىي بولۇپ، ئاساسەن

قاغان ئوردىسىدىن يىراق جايلاردىكى قەبىلىلەرنى باشقۇراتتى ۋە شۇنداق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەيتتى.

4. ئىلتەبىر. ئىلتەبىر ھەربىي مەمۇرىي مەنسەپ بولۇپ، ئادەتتە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنى باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەل بولغان ئون بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى قاتارلىقلار ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى كىشىلەردىن تەيىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىلتەبىرلەرمۇ ئۆز قەبىلىسىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ مىڭ بېشى ياكى تۈمەن بېشىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

5. تۇدۇن. تۇدۇنمۇ بىر تۈرلۈك ھەربىي مەمۇرىي ۋەزىپە بولۇپ، ئاساسلىقى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئاساسەن قاغاننىڭ جەمەتىدىن ياكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى.

تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر لەشكەر قاتارلىقلارمۇ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ھوقۇق گەرچە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالسىمۇ، لېكىن قاغانلار تەخت ۋارىسىنى چىنىقتۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە ھالدا يۇقىرى مەنسەپكە قويمايتتى، بەلكى يابغۇ، شاد قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇپ بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنى باشقۇرغۇزۇش ئارقىلىق ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۆگىتەتتى. بۇنىڭغا بايانچۇر قاغاننىڭ "

ئاتام كۆلبىلگە قاغان ..... قوشۇن ئەۋەتتى، مېنى مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى "[5] دېگەن سۆزى ۋە بىلگە قاغاننىڭ " مەن 19 يىل شاد بولدۇم "[6] دېگەن سۆزلىرى دەلىل بولالايدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ تۈرىمۇ كۆپ خىل ئىدى. بىزگە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ بەزى پاكىتلارغا ئىگە بولالايمىز. تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئېيتىلغان " قاغان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى قوغدايدىغان خاس قوشۇنلارلا 12 مىڭدىن ئاشىدۇ " دېگەن مەلۇماتتىن، بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا خۇددى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە قاغاننىڭ خاس قوشۇنى بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

قاغاننى قوغدايدىغان ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بۇ دەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن « تۈركى تىللار دىۋانى » دا ئېيتىلغان « ياتغاق ۋە تۇرغاق » دەپ ئاتىلىدىغان ساراي مۇھاپىزەتچى ئەترەتلىرىگە بۆلۈنگەنلىكى چوقۇم. « تۈركى تىللار دىۋانى » دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ياتغاقلار ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت كېچىدە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قىسىم ئىدى. تۇرغاقلارغا كەلسەك، بۇلار سارايىنى ياكى ھۆكۈمدارنى كۈندۈزى ساقلايدىغان قوغدىغۇچىلار ئىدى، " شۇنداقلا بۇ تەشكىلى ئاپپارات قاراخانىيلاردىن خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن ئىدى "[7]. بۇ ساراي مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقىنىڭ بۇ دەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن " كۆلتېگىننى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردۇق، دۈشمىنىمىز قارلۇقلار ئوردىغا

بېسىپ كەلدى. كۆلتېگىن .... ئوردىنى قولدىن بەرمىدى .... "[8] دېگەن بايانلاردىن، بۇ ۋەزىپىگە ئادەتتە قاغاننىڭ ئوغلى، ئىنىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قويۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇن يۈرۈشكە چىققاندا، مۇئەييەن تەرتىپ ئىنتىزام بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى، يەنى ئۇلار قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەردىن قېلىپ قالغان ئەنئەنە بويىچە، قوشۇننى سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭدىن ئىبارەت ئۈچ بارگاھقا بۆلۈپ ھەرىكەت قىلاتتى. بۇنداق سەپ تۈزۈش شەكلى ــــ ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا قورشاۋ ئوۋ قىلىش ئادىتىدىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بۇ خىل سەپ تۈزۈش شەكلىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. بايانچۇر قاغاننىڭ " ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىمنى ئەۋەتتىم "[9] دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندا، چوڭ قوشۇن جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، كىچىكرەك بىر قوشۇن دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىش، توسالغۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە دۈشمەن پىستۇرمىسىنىڭ بار - يوقلىغىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنئالا ئەۋەتىلگەن.

ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، كۆچۈش جەريانىدا ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە سىرتتىن كېلىدىغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار قارارگاھنى جايلاشتۇرۇش ۋە مۇداپىئەلىنىش جەھەتتىمۇ ئەينى زاماننىڭ ھەربىي بىلىملىرىدىن مۇپەسسەل پايدىلانغان. شۇڭا ئۇلار ھەربىي يۈرۈش قىلىپ توختىغان چاغلىرىدا، ئاساسلىقى سۇيى ۋە ئوت - چۆپى مول بولغان جايلارنى قونالغۇ، ھارۋىلارنى قاشا قىلىپ ئايلانما گازارما تەييارلىغان. تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، بۇ خىل ئايلانما

گازارما ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ چوڭ ـ كىچىك بولاتتى. قاغان تۇرۇشلۇق ئايلانما گازارما 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن تەركىپ تاپاتتى. ئات ۋە باشقا چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئايلانما گازارما ئىچىدە بېقىلغاچقا قېچىپ كېتەلمەيتتى[10]. بۇ خىل گازارمىلار ئارقىلىق ھەم دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالغىلى ۋە چارۋىلارنى ئىستىھكام قىلىپ دۈشمەنلەرگە زەربە بەرگىلى بولاتتى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭلەردە داۋاملىق غەلىبە قازىنالىشىدا، ئۇلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى قۇلايلىق ئىكەنلىكى مۇھىم رول ئوينىغان. ئاياللار بۇ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىدى. چۈنكى ھۇن، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر يۈرۈش قىلغاندا خوتۇن ـ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭاتتى، بۇنىڭدا ئاياللار بىر تەرەپتىن ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باللىرىغا جەڭ مەيدانىنى كۆرستىپ كۆزىنى پىشۇراتتى. بۇ ھەقتە « كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە »دە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قېتىملىق يۈرۈشى بايان قىلىنىپ، " ئۇلارنىڭ قىران ئەرلىرى 4 مىڭ، چوڭ ـ كىچىك قىز ـ چوكانلىرىنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. جەڭ ئاتلىرى 40 مىڭ، كالا ـ قويلىرى ھەددى ھېسابسىز "[11] دەپ خاتىرىلەنگەن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن قىزلىرىمۇ ئات مىنىشكە ناھايىتى ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈرۈش جەريانىدا سەپتىن چۈشۈپ قالمايتتى ۋە مال ـ چارۋىلاردىن خەۋەر ئالاتتى. ئېلىپ ماڭغان قوي ـ كالىلار ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. شۇڭا ئېلىمىز تارىخچىلىرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئۆز

ئەسەرلىرىدە تولۇق بايان قىلغان. مەسىلەن يەن يۇ ھۇنلارنى جازالاش توغرىسىدا ۋاڭ ماڭغا مەسلىھەت بەرگەندە، ئېغىر - يېنىك نەرسىلەرنى توشۇشتىكى قىيىنچىلىق ئۈستىدە توختىلىپ، " 300 كۈن ھېسابىدا ھەر بىر كىشىگە 18 خو ئاشلىق كېرەك، بۇنى كالىدىن باشقا نەرسە سۆرىيەلمەيدۇ. كالىنىڭ ئۆزىگە كېتىدىغان يەم - خەشەكنىڭ ئۆزىمۇ 20 خودىن ئاشىدۇ. ھۇنلارنىڭ يېرى قۇملۇق، سۇ ۋە ئوت - چۆپى ئاز، ئۇنى چارلاپ تېپىشىمىز لازىم. قوشۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ 100 كۈن بولار - بولمايلا كالىلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئىشلىتىلمىگەن ئاشلىق كۆپ بولغاچقا ئادەملەر كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدۇ .... ئېغىر نەرسىلەر شۇ پېتى تۇرغان، ئەمما كۈچ ماداري بار ئادەم ئاز بولغاچقا، تېز يۈرۈش قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھالدا دۈشمەنلەر ئاستا قاچقان ھالەتتىمۇ ئۇلارغا يېتىشۋالغىلى بولمايدۇ. تەلەيگە يارىشا دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئېغىر - يېنىك نەرسىلەر ئاۋارىچىلىك سالىدۇ " دەپ دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ ھەربىي تەمىنات جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن چارۋىچى مىللەتلەردە بۇ خىل قىيىنچىلىق بولمايتتى. چۈنكى ئۇزۇن مەزگىل جاپالىق شارائىتتا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سوغۇققا، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ھەم " ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولسا ئۆزىنىڭ ئېتىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ئاچلىقنى باسىدىغانلىقى ۋە ئۇسساپ قالسا بايتلىنى سېغىپ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغانلىقى " [12] ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەميناتىغا يۇقىرىقىدەك ھەشەم كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇلار " قوي ۋە ئاتلارنى ھەربىي تەمىنات قىلغاچقا ..... كېچە - كۈندۈز جىسەكچىلىك

قىلمەن دەپ ئاۋارە بولمايتتى، قاشا سوقۇپ، ئاشلىق توشۇيمەن دەپ جاپا چەكمەيتتى "[13]. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى بىر ئارتۇقچىلىقى ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلجا ئالغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇرۇشتا ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە « ئاپا »، « كۈلچۇر »، « ئۆگە »، « ئېركىن »، « باغاتۇر »، « ئارسلان »، « بۆرە »، « كۈلۈگ »، « باغا » قاتارلىق شەرەپناملىرى بېرىلەتتى [14].

ئىزاھلار

[1] ئىبراھىم كافەس ئوغلى « تۈرك مىللىي مەدەنىيتى » 1982- يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى، 241- بەت.

[2] [10] [13] ياڭ شېڭمىن « ئۇيغۇر تارىخى » جىلىن مائارىپ نەشرىياتى، 1991- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 137-، 138-، 139- بەتلەر.

[3] [11] « كونا تاڭنامە » 5204-، 5202- بەتلەر.

[4] [5] [9] « بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى ».

[6] « بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى » جەنۇبىي يۈزى 9- قۇر.

[7] رىشات گەنج « قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 377- بەت.

[8] « كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى » شىمالىي يۈزى 8-، 9- قۇرلار.

[12] « قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيسى تارىخ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى » 1956- يىلى ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 231- بەت.

[14] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق « شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1991- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 485- بەت

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوشۇننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى

تورغا يوللىغۇچى: Yawuz

تورىدىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=174

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي قورال - ياراق، مەشىق ۋە ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمى ھۇن ۋە تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇلارنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا، ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنى ياراتقان ئىدى. ئۇيغۇرلار جەڭدە ئاساسلىقى ئاتلىق قوشۇن ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭدىكى مۇھىم رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇشتا ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى تولۇق يوقىتىشقا تىرىشاتتى. بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزگە بىلگە قاغاننىڭ " بىرىنچى كۈنى تابغاچنىڭ 17 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم، ئىككىنچى كۈنى پىيادە ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم "① دېگەن سۆزلىرى دەلىل بولالايدۇ. ئاتلىق قوشۇن ھەرىكەتچان ۋە جەڭگىۋار بولغاچقا، ئۇلار ئاتلىق قوشۇننىڭ يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇلار جەڭ قىلغاندا، كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ساراسىمىگە سېلىۋېتەتتى ۋە ئارقىدىنلا چوڭ قوشۇن باستۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەن قوشۇننى قوغلاپ يوقىتاتتى. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋال ھەر خىل

ئۇرۇش سەپلىرىنى تۈزۈپ، ئۇرۇش سېپىغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ناھايىتى زور ئىلغارلىق ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدا، ئاتلىق قوشۇننىڭ سۈرئەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ،، دۈشمەن قوشۇنى سەپ تۈزۈپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ سېپىنى بۇزۇۋېتىپ، ئۇلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىلەتتى، ئاتلىق قوشۇننىڭ سۈرئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھەركەتچانلىقىدىن پايدىلىنىپ تېز ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز زەربە ئارقىلىق دۈشمەننى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ يەنە بىر تاكتىكىسى ئىدى. مەسىلەن: مىلادىيە 151- يىلى قىرغىزلارنىڭ قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بايانچۇر قاغان تېزلىكتە تەييارلىق قىلىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن سال سېلىپ تۇيدۇرماي ئۆتۈپ، قىرغىزلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغانلىقى «مەڭگۈ تاش » لاردا خاتىرىلەنگەن.

مەڭگۈ تاشلاردىكى " ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىمنى ئەۋەتتىم .... ئاتلىق پايلاقچىلارنى مېنىڭ يېگىتلىرىم يېڭىپ ' تىل ' قىلىپ تۇتۇپتۇ "② دېگەن خاتىرىلەردىن، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، قاغان دائىم دېگۈدەك چاققان ئايغاقچىلارنى ۋە ئالدىن يۈرەر قىسىملارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش پىلانىنى ئالدىن تۈزىۋالدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇلار يەنە جەڭ ۋاقتىدا كۈچلۈك دۈشمەنگە يولۇققاندا، ئۇنىڭ ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئارقا ياكى يان تەرەپتىن چىقىپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنمۇ ئىگىلىگەن ئىدى. مەسىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ « ئۆگىلۈك - سۆيگۈم توپىلىڭى »نى تىنچىتقاندا، دەل مۇشۇ تاكتىكىدىن پايدىلانغان ۋە توپىلاڭچىلارنى چېكىندۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدە « ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى »نىڭ 220- جىلدىدا " گو زىيى سەردارلىقىدىكى قوشۇن شىندىيەندە باندىتلار بىلەن ئۇچراشقاندا، باندىتلار تاغ باغرىدا سەپ تۈزگەن ئىدى، گو زىيى دەسلەپكى ھۇجۇمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. باندىتلار تاغدىن چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇيغۇرلار تاغنىڭ جەنۇبىدىن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھاننى چاڭ - توزان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، باندىتلارغا قارىتىپ ئون نەچچە تال ئوقيا ئاتقاندىن كېيىن، باندىتلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ ' ئۇيغۇرلار كەلدى ' دەپ چۇقان سېلىشىپ، تېرە - پىرەن بولۇپ كەتتى، پادىشاھلىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنى باندىتلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. دۈشمەن جەسەتلىرى پۈتۈن دالانى قاپلاپ كەتتى "③ دېيىلگەن بولسا، « يېڭى تاڭنامە » 217- جىلد « ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە »دە: " شاڭجى جېڭىدە پادىشاھ قوشۇنلىرى سەپ تارتقاندا، باندىتلار پادىشاھ قوشۇنىنىڭ سول تەرىپىگە ئاتلىق قوشۇن يوشۇرۇپ قويۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىماقچى بولدى. بۆكۈ قەيىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان باندىتلارنى تولۇق تارمار قىلىپ، باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى، ئاندىن جىڭشى،

بېيتىك ساتراپى لى سىيې بىلەن دۈشمەنگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ، باندىتلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە چاڭئەننى قايتۇرۇۋالدى "④ دەپ خاتىرىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تاكتىكىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى دۈشمەننى يەڭگەندىن كېيىن دۈشمەنلەرگە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرستى بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرەتتى. يەنى يۇقىرىقى ياردەم ئۇرۇشلىرىدىمۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى شى چاۋىينى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇنى تاكى خېبېيغىچە قوغلاپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن توختىغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولغان پۇسادمۇ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندا مۇشۇ خىل قوغلاش تاكتىكىسىنى قوللانغان ئىدى.

كېچىدە ھۇجۇم قىلىش چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىشتىكى يەنە بىر خىل تاكتىكىسى ئىدى. چۈنكى دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلغاندا، دۈشمەن قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئاتلىق قوشۇننىڭ سۈرئەتتىكى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ دۈشمەن تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېچىلىك ھۇجۇمى كۆپىنچە دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مىلادىيە 764- يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى لىنتەي دېگەن يەردە تۇبۇتلەرگە قارشى جەڭ قىلغاندا مۇشۇ تاكتىكىنى قوللىنىپ زور غەلىبىگە ئېرىشكەن⑤.

ئوتتۇرا ئەسىردە قوشۇنلارنىڭ يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇرۇش قىلىش ۋاقتى كىلىماتنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايتتى، چارۋىچى مىللەتلەر ئاساسلىقى ئاتلىق قوشۇن ئىشلەتكەچكە، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ پەسىل خاراكتېرىگە ئاساسەن، كىلىماتنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەك ئۇچرايتتى.

ئۇيغۇرلار ياشىغان موڭغۇل دالاسىنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق ھەم قىشلىقى سوغۇق ئىدى. شۇنداقلا ئاتلار ياز پەسلىدە يايلاقتا ئوبدان بېقىلغاچقا، كۈز پەسلىدە راسا سەمرىپ كۈچكە تولاتتى، شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ ھۇن، تۈرك قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش كۈز ۋە قىش پەسلىنى ئۇرۇش قىلىش ۋاقتى قىلىپ تاللايتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ كۈز ۋە قىش پەسلىدە جەڭگە چىقىپ، ئەتىياز كېلىشى بىلەن جەڭنى توختىتاتتى.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىر جايدا مۇقىم تۇرماي ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشى ــــ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا چەكلىمە پەيدا قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەم قىلىپ ئۆتكۈلۈك - سۆيگۈم تۇپىلاڭچىلىرىنىڭ قولىدىن چاڭئەن بىلەن لوياڭنى تارتىۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلار بەلكىم بۇرۇنقى ھۇن تۈرك قاتارلىق مىللەتلەر ئىگىلىمىگەن شەھەر - قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە قوغداش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قارا بالغاسۇن، خاتۇنبالىق ۋە بايبالىقتەك شەھەرلەرنى بىنا قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرنى قوغداش ۋە ئىشغال قىلىش تېخنىكىسىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ بۇ يەكۈنىمىزگە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ بېشبالىقنى تۈبۈتلەرنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشى، شۇنداقلا ئۆز ئېلىنى

قوغداش ۋە قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلىرى مىسال بولالايدۇ،

ئىزاھلار

① « بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى » جەنۇبىي يۈزى، 9- قۇر

② « بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى »

③⑤ ليۇ زىشياۋ « ئۇيغۇر تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- قىسىم، 1- كىتاب، 102- بەت

④ « يېڭى تاڭنامە » 6115- بەت.

## تورداش nasimi112 نىڭ بۇ تېمىغا ئىنكاسى:

تاڭ سۇلالىسى شائىرى دوفۇنىڭ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپلىڭدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان شېئىرى

### شىمالغا سەپەر

شاھنىڭ ياندۇرقى يىلى كۈز چېغى،

كەبىسە يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىرى.

جابدۇنۇپ چىقتىم شىمالغا يۈرگىلى،

ئۆندىكى مىسكىن ئۆيۈمنى كۆرگىلى.

ئەل بېشىغا كەلدى غەليان تەشۋىشى،

تىنچ - ئارامسىز ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى.

قايغۇلۇق باستىم ئاياغ يوللارغا مەن،

كۆرمىدىم دالادا ساق ماڭغانىنى مەن.

يارىدار مېيىپ مەن كۆرگەنلا كىشى،
ئېگىرىشار، قاندۇر تامام ئۇستى بېشى.

بۇلتۇرقى جەڭدىن ئۆتتۇم كېچىسى،
كۆرىنەر ئايدىڭدا سۆڭەك دۆۋىسى.

باققۇچى توڭگۇزەننى شۇ مىليون قوشۇن،
بۇنچە تېز گۇمران بولۇشقان نە ئۈچۈن.

غەربى شىمالدىن يەنە چىقتى بوران،
ئەندىشە ئۇيغۇرنى ئىپ كەلدى بۇيان.

بىزگە شېرىكلىككە خان مايىل ئىدى،
ئات مىنىشكە لەشكىرى قابىل ئىدى.

كەپتۇ بەش مىڭ لەشكىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ،
بىر تۇمەنچە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ.

بىلسىمۇ ئۇلارنى دەپ مىڭ قەيسران،
قانچە ئازكەلتۈرسە ئەۋزەل بىگۇمان.

لەشكىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئىكەن،
ياۋ سىپىگە ئوقسىمان ئۇچار ئىكەن.

شاھ ئۇمۇدنى ئۇلارغا باغلىدى،
باشقىچە گەپكە قۇلاقمۇ سالمىدى.

ئالغىلى لوياڭنى كۈچ كەتمەس ئىرۇر،
بەلكى چاڭئەنگە ھۇجۇملا بەس ئىرۇر.

ئۆتسە مەركەز قوشۇنى ياۋ كەينىگە،
ئۆتسە چەۋەنداز قىسمىمۇ زەربىگە.

بۇ ھەقتىكى بايانلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى شۇنچىۋالا قۇدرەتلىك تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆڭلۈك-سۈيگۈن خەلق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان ئورخۇن ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ جەڭگە ماھىرلىقى جەسۇرلۇقى مەدھىيىلەنگەن بولسا ،بىر تەرەپتىن بۇلاردىن كېلىدىغان خەۋپنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئۈلگۈرگەن ،يەنى ئەينى ۋاقىتتا ئوردا ئىچىدە ئۇيغۇر قوشۇنىدىن خەۋپسىرەش ئەھۋالى كۆرۈلگەن ھەتتا پادىشاھقىمۇ مەلۇماتلار بېرىلگەن ،بۇنىڭغا :

شاھ ئۈمىدنى ئۇلارغا باغلىدى ،

باشقىچە گەپكە قۇلاقمۇ سالمىدى .

.....................................

بىلسىمۇ ئۇلارنى دەپ مىڭ قەيسىران ،

قانچە ئازكەلتۈرسە ئەۋزەل بىگۇمان ....دېگەن مىسرالار كۇپايە بولسا كېرەك..

# تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى

## تورغا يوللىغۇچى: kamiran

## توردىكى ئادرېسى:

## http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=101

### تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىغا ئىزاھات :

بۇ مەڭگۈ تاش 1897- يىلى ھازىرقى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇرشەھرىدىن 60كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن – چوقتۇ دىگەن جايدىن تېپىلغان، ھازىر ئۆز ئورنىدا. مەڭگۈ تاش تېكستى ئىككى پارچە تاش مۇنارىغا ئويۇلغان بولۇپ، جەمى 62 قۇر، مىلادىنىڭ 712- 716- يىللىرى ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان .

تونيۇقۇق ـــــ كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئىلتەرىش خاقان(682 - 691- يىللار)، قاپاغان خاقان (716- يىلى) ۋە بىلگە خاقان (734- يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارغا باش مەسلىھەتچى بولغان. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدائۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى تونيۇقۇقنىڭ تەرجىمھالى دىيىشكە بولىدۇ.



تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقى يۈزى



تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ غەربىي يۈزى

## تېكىست تەرجىمىسى:

1) بىلگە* تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ* ئېلىدە ئۆستۈم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. 2) تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە) خان تىكلىدى. (كېيىن) خاقانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە بولۇپ قالدى. تەڭرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: سىلەرگە خان بەردىم، 3) خانىڭلارنى تاشلاپ، تابغاچقا يەنە تەۋە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى.(شۇڭا) تۈرك خەلقى ئۆلدى، هالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر *خەلقى يېرىدە 4) بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ-داللاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى. بۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق، بىر ئۈلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى 5) قوشۇن ئۇلۇغى شاد* ئىدى. ئۇ ماڭا (قوشۇنىمىزغا) قوشۇلغىن، دېدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم: ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا 6) ئۈسۈشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم. شۇندىن كېيىن تەڭرى ماڭا ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۇنى خاقان بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. بىلگە تونيۇقۇق بويىلا باغا تارقان 7) ئىلتەرىش قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇبتا............. شەرقتە قىتانلار*، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق.

بىلگەسى لەشكەر باشلىقى مەنلا ئىدىم. بىز چوغاي قوزى ۋە قارا قۇمدا ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق. 8) كىيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كوپ ئىدى. بىز جانىسىز ھايۋاندەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى كەلدى. 9) چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: توققۇز ئوغۇز (خەلقى) ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قۇنى سەنگۈننى*، قىتانغا تۇڭرا سەمنى(ئەلچىلىككە) ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزنى ئېلىپ بېرىپتۇ: ئازغىنە تۈرك خەلقى 10) ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى دانىشمەن ئىكەن. ئۇ ئىككىسىلا بولىدىكەن سەن تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىز ئوغۇزلارنى 11) قىرىپ تاشلايدۇ، تابغاچلار، سىلەر جەنۇبتىن تېگىڭلار! قىتانلار، سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تېگەي! تۈرك سىر خەلقى يېرىگە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى يوقتايلى! 12) ئۇ سۆزنى ئىشتىپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمدى. ئاندىن كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈندۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشۋالسا، 13) بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز. يۇققا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي. يۇققا قېلىن بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە 14) توم بولۇپ

كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ. شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچتىن، غەربتە قۇرداندىن، شىمالدىن ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى – ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن. مەن (خاقانىمغا) شۇنداق دېدىم. 15)

خاقانىم مەن ئۇزۇم- بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈنگەن ئۆتۈنچىمگە قوشۇلدى. "ئوز كۆڭلۈڭچە ئىش قىلغۇەر" دېدى. كۆك ئوڭدىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئۆتۈكەن تاغقا باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك كۆلۈكلىرى بىلەن توغلا دەرياسىدىن كەلدى. 16) ئۇلارنىڭ ئەسكىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى .............. تارمار قىلدۇق. ئۇلار دەرياغا چۈشتى. قايتىش يولىدا يەنە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆلدى. شۇنداق كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.17) تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇقنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەنۇبتىكى خەلقلەر ۋە غەربتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ بارلىقى كېلىشتى. 18) بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق، ئىككى قوشۇن بولدى. تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن، تۈرك خاقانى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان سەندۇڭ شەھەرلىرىگە دەريا - دېڭىزلارغا تېگىپ باقمىغان ئىدى. خاقانىمغا ئۆتۈنۈپ قوشۇن تارتتىم. 19) لەشكەرلىرىمنى سەندۇڭ شەھەرلىرىگە ۋە دەريا -دېڭىزلارغا ھۇجۇم قىلدۇردۇم ئۇلار يىگىرمە

ئۈچ شەھەرنى ۋەيران قىلدى. بۇ يۇرتلار خارابىلىققا ئايلاندى. تابغاچ خانى دۈشمىنىمىز ئىدى. ئون ئوق خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى. 20) بۇنىڭدىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك........... خاقانىمۇ دۈشمىنىمىز بولدى. بۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئۇچراشماقچى بوپتۇ. ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز شەرقتىن تۈرك خاقانىغا قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقارمىساق، 21) ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن، ئاخىرى بىر كۈنى بىزنى بەرىبىر يوقىتىدۇ. ئۈچەيلەن قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنى يوقىتايلى، دېيىشىپتۇ. تۈركەش خاقانى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە بارىدۇ. 22) تۈرك خەلقى ھەقىقەتەن بۇلغىنىپ( قالايمىقانلىشىپ) كەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇزلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. شۇ چاغدا، مەن :23)........... ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. كوگمەن (تېغى) غا بارىدىغان يول بىرلا ئىكەن. ئۇنى قار قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن دېدىم. يولچى ئىزدىدىم. چۆلدىكى ئاز پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم. 24) ئاز يېرىگە بارىدىغان يولنىڭ ئانى* دەرياسىغا يېقىن ئىكەنلىگىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولىدىغان تار يول ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىسام، ئۇ بۇرۇن بىر ئاتلىق

كىشىنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يول بىلەن ماڭساق بولىدىكەن دېدىم. ئويلاندىم، خاقانىمدىم 25) ئۆتۈندۈم. قوشۇن چىقارتتىم. ئات بىلەن دەريادىن ئوتتۇڭلار، دېدىم. ئاق تەرمەل دەرياسىغىچە يۈرۈش قىلدۇردۇم. ئاتلارغا مىنىپ، قارلارنى بۆسۈپ ماڭدۇق. ئاتلارنى يېتىلەتكۈزۈپ، تاياقتا تايانغۇزۇپ پىيادە تاققا چىقارغۇزدۇم. سەركەردىلەر 26) قار – مۇزلارنى ئاچتى، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق. ناھايىتى مۈشكۈلدە تاغدىن چۈشتۇق. ئون كېچە – كۈندۈز تاغ يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ يۈرۈپ ماڭدۇق. يولچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى. خاقانىمىز ئەنسىرەپ تېز مېڭىڭلار دېدى. 27) بىز ئانى دەرياسىغا يېتىپ باردۇق . ئۇ دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدۇق. يولدا قوشۇننى ساناش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈردۇق، ئاتلارنى دەرەخلەرگەباغلاپ قويدۇق ......... تۈننى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي شامالدەك تېز يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسۋالدۇق. 28) بىز نەيزە بىلەن .........نى ئاچتۇق. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خاقانى ۋە لەشكەرلىرى توپلىنىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق، سانچىشتۇق، خاقانىنى ئولتۇردۇق. قىرغىز خەلقى خاقانىمىزغا بوي سۇندى، يۈكۈندى. بىز ياندۇق. كوگمەن تېغىنى ئەگىپ، 29) قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق. تۈركەش خاقانىدىن چارلىغۇچى كەلدى.

تۈرك خەلقى تومۇر قاپقىغا 47) ۋە "تەڭرى ئوغلى" دەپ ئاتىلىدىغان تاققا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغان ئىدى. مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق ئۇ يەرگە يۈرۈش قىلدۇرغانلىقىم ئۈچۈن 48) ئۈلار (سوغداقلار) سانىسىزلىغان سېرىق ئالتۇن، ئاق كۆمۈش، قىز ئاياللارنى، ئېسىل ئېگەر - جابدۇق ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىش خاقان دانا بولغانلىقى ئۈچۈن، 49) باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە قېتىم سوقۇش قىلدى، قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى. ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى 50) يەنىلا مەن ئىدىم، ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىش خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا .........51) قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، 52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۇزۇم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. 53) مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى (؟) كېڭەيتتىم. يېنىپ - يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بوي سۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى. 54) مەن تۈرك خەلقى زېمىندا تولۇق قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا

يەردە چىپىپ يۈرۈشكە يول قويمىدىم. ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، 55) ئۆزۈڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، 56) دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم. ئۇلۇغ بولدۇم. ھەر قانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە 57) مەندەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن. 58) تۈرك بىلگە خاقان ئېلىگە، مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم. 59) ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم ـــــ بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، 60) قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا خەلق ئادەم ـ ئىنسان بولمىغان بولاتتى. 61) ئىلتەرىش خاقان ۋە مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى. 62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا.

مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرگە ئىزاھات:

تابغاچ ـــــ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە خاس تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سىر ـــــ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

شاد ـــــ مەنسەپ، ئەمەل نامى.

سەنگۈن ـــــ قەدىمكى تۈرك تىلىدا جياڭجۈننى شۇنداق ئاتىغان.

ئۆتۈكەن تاغ ـــــ تۈرك خەلقى ئەزەلدىن چوقۇنۇپ كەلگەن مۇقەددەس تاغلارنىڭ بىرى. ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا توغرا كېلىدۇ.

ئون ئوق خاقانى ـــــ غەربىي تۈرك خاقانىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈركەش ـــــ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

ئاز ـــــ يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشىغان تۈركەشلەرنىڭ بىر قوۋمى.

تىنسى ـــــ خەنزۇچە تىيەن زى (تەڭرى ئوغلى) دىن كەلگەن.

تۆمۈر قاپىغ ـــــ سەمەرقەند بىلەن بەلخ ئارىسىدىكى بوز قالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل.

# ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى

# نەقشبەندىيە (سوپىزم) تەرىقىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

تورىدىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=30

سوپىزم ئىسلام دىنىدىكى تەركىدۇنياچىلىق مۇرىتلىرىنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، "سوپى" سۆزى يىرىك يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم، خام توقۇلما دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، مەزكۇر مەزھەپتىكىلەرنىڭ نامرات، تەركىدۇنيا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سوپىزم ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جاپا- مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىش، تەركىدۇنياچىلىق تەلىماتىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ۋە پەيدىن - پەي راۋاجلانغان، ئىسلامىيەت گۈللەنگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە بىر قىسىم تەقۋادار مۇرىتلار جاپا - مۇشەققەتلىك زاھىتلىق يولىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا "قۇرئان" دىكى ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، سەۋرى - تاقەت، ئىنساپ، ئىتائەتچان بولۇش، خەير - ئېھسان قىلىش، كەمتەر - كىچىك پېئىل بولۇش قاتارلىق ۋەز - پەرھىزلەرگە قاتتىق بويسۇنۇپ، ئاددىي - ساددا، نامرات، جاپالىق ھەتتا يەككە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدىكى غۇربەتچىلىككە كۆنۈش ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك پېشۋاسى ئۇمەييا سۇلالىسىدىكى مەشھۇر ئىلاھىيەتچى ھەسەن بەسرى ئىدى. ئۇ دىنى تۇرمۇش جەھەتتە تەقۋادارلىق، جىمجىتلىق ۋە نامراتلىققا زارلىماسلىقتەك زاھىتلىق تەلىماتىنى؛ ئىلاھىيەتتە چوڭقۇر تەپەككۇر، ئۆز - ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇش، شۇ ئارقىلىق بەندە بىلەن ئاللانىڭ

ئىرادىسىنى ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن سوپىزىم تەرىپىدىن مەزكۇر مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى دەپ تەرىپلەنگەن.

8. ئەسىردىن باشلاپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان سوپىزىم ئىدىيىسى 9. ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار پەقەت ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئاللانى ھەقىقىي تونۇغىلى، شۇنداقلا بەندە بىلەن ئاللانىڭ بىرىكىشىگە يەتكىلى بولىدۇ دېدى. 9. ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، پەقەت زاھىتلىق (رىيازەت) يولى ئارقىلىقلا بەندە بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما بۇ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادتىكىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى، ھەمدە ئاخىرىدا ئۆز-ئارا مادارا قىلىشتى. 11. ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 12. ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سوپىزىم ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزھەپلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئېتىقات بىلەن بىرلىشىش جەريانىنى تاماملىدى.

سوپىزمنى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەنئەنىۋى مەزھەپلەردىن ئالدى بىلەن سۈننىي مەزھىپى قوبۇل قىلدى. ئاخىرىدا شىئە مەزھىپىمۇ ئېتىراپ قىلدى. سوپىستلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىكى مەھەللىۋى دىنى تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار يەنە سىرلىق قىياپەتتە يۈرۈۋەردى. رىيازەتتە تاۋلىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاددىي - ساددا، نامرات تۇرمۇش كەچۈردى، روھى جەھەتتىن تاكامۇللىشىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، روھى پاكلىققا يەتمەكچى بولدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇدى. بۇ

ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىپ، ئاللا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشنى كۆزلىدى. تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپمۇ مەنىۋى داھىيلارنىڭ مۇرىتلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى سوپىستلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى ئىمامالار رىياسەتچىلىكىنى مەنىۋىيەت پىرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىنىمۇ مەسچىتتىن پىرلارنىڭ خانىقالىرىغا يۆتكىۋەتتى.

8. ئەسىردىن باشلاپ سوپىزم مەزھىپىدە ھەرقايسى مۇرىتلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن كىچىك سۇلۇكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ بىر ئىستىخىيىلىك تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق ئادىمى ياكى كونكرېت نىزامنامىسىمۇ بولمايتتى. بۇلار پەقەت ئوخشاش روھى تاۋلىنىش ئۇسۇلى ۋە مەقسىتى بىلەن يىغىلىدىغان تاۋلىنىش كوللېكتىپى ئىدى. بۇ خىلدىكى كىچىك تەشكىلاتلار 11- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كونكرېت تەشكىلگە يەنى مەدرىس خاراكتېرىدىكى دىنى توپقا ياكى مەزھەپ شەكلىگە يۈزلەنگەن. 13- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ موڭغۇللارنىڭ قەدىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يېتىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلام دىنىغا تايىنىپ مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان ناھايىتى كەڭ سىياسىي ئاساسمۇ يىمىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىۋى ئېتىقات تۈسىدە مەۋجۇد بولۇۋاتقان سوپىزم پايدىلىق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇننى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك سوپىستىك گۇرۇھلار ئارقا -

ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى ۋە تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. مانا مۇشۇنداق تارىخي شارائىت ئاستىدا نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى.

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىجادچىسى باھاۋۇدىن نەقشىبەندى (1317- 1389) نىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. نەقشىبەندىنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت بىن مۇھەممەت باھاۋۇدىن ئەل بۇخارى، "نەقشىبەندى" ئۇنىڭ لەقىمى (سىزغۇچى دېگەن مەنىدە)، بۇ لەقەم "تەڭداشسىز ئىلاھىي رەسىمنىڭ سىزىلىشى" ياكى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ "قەلبنىڭ ھەقىقىي تاكامۇللاشقان شەكىلگە كىرىشى" دەپ چۈشىنىلگەن.

نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تېزدىن تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ تېزدىن باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلىنىشى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن يۇقىرى قاتلام زات، ئۆلىما — ئالىملار، ھەتتا يەرلىك ئالىي ھۆكۈمرانلارغىچە بەس — بەستە بۇ تەرىقەتكە ئەگەشتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ مۇھىم رولىلارنى ئوينىدى. شۇنداقلا باشقا سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

# خوجىلارنىڭ يىلتىزى

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=29

ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېرىم ئەسىر دېگۈدەك ئۆز قولىدا تۇتقان كامىل نەيرەڭۋاز، مەشھۇر دىنىي داھىي خوجا ئەھرار ھىجرىيە 895- يىلى ئۆلۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يېتىلگەن مۇرتى ۋە ئىزباسارى بولغان مەۋلانە مۇھەممەت غازىمۇ ھىجرىيە 921- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تەدرىجىي ھالدا مەخدۇم ئەزەمنىڭ قولىغا ئۆتتى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەھمەت كاسانى بولۇپ، ھىجرىيە 866- يىلدىن 949- يىلغىچە ياشىغان. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ "تەزكىرەئى خوجىگان" ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مەدىنىلىك بولۇپ، بوۋىسى كېيىنچە پەرغانە رايونىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى شەجەرىلەر ئون خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئەۋلاد سانى، ھۆرمەت نامى ۋە ئىسمى قاتارلىقلاردا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇد. شۇنداق بولسىمۇ ھەممىسىدىلا ئۆز يىلتىزىنى فاتىمەگە تۇتاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەرگە باغلىشىدۇ.

مەخدۇم ئەزەم ياش ۋاقىتلىرىدا تاشكەنتتىكى بىر مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەن ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر ئۆلىما مەۋلانە

مۇھەممەد غازىغا مۇرىت بولغان. مۇھەممەد غازى ئۆلگەندىن كېيىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تەدرىجىي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم دۇنياسىدا يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن "دىنىنىڭ نۇرى ۋە تۈۋرۈكى" دەپ تەرىپلەنگەن. مەخدۇم ئەزەم سۈننىي مەزھىپىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى پان ئىسلاھچىلىققا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سۇپىلار ھەمىشە خانىقادا تۇرۇشى كېرەك، پەقەت دىن تارقىتىش توغرا كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزۈن مەزگىل سىرتتا تۇرسا بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، يەككە-يېگانە زاھىتلىققا قارشى تۇرغان. ئۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەر مۇرىتلار مەزھەپ ئىچىدىكى رەسمىي پائالىيەتلەردە "پەس ئاۋازلىق زىكىر" ئوقۇشنى خىراج تولىسە، ئۇلارنىڭ "يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىش"ى ۋە ساما ئويىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن. ھەمدە مۇزىكا ساما ئۇسۇلى ئۇچۇن زۆرۈر دېگەننى ئېتىراپ قىلغان.

مەخدۇم ئەزەممۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېشۋالارغا ئوخشاش زور تەسىر كۈچكە ئىگە دىنىي سىياسىي پائالىيەتچى بولغاچقا شەيبانى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي – سىياسىي ئىشلىرىغا ۋە سۇلالىدىكى ئىچكى كۈرەشلەرگە پائال قاتناشقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ماۋرائۇننەھىر رايونىدا ئۆتكۈزگەن. بىراق خ. ۋ. بىللېۋنىڭ "قەشقەر تارىخى" دېگەن ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، مەخدۇم ئەزەم ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە قەشقەرگە كەلگەن ۋە خانلىقنىڭ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشى ھەم يەرلىك خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، شۇ يەرلىك بىبىچە

ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن. بۇ ئايالدىن بىر ئوغۇل يەنى مەشھۇر خوجا ئىسھاق ۋەلى تۇغۇلغان.

مۇسۇلمان مەنبەلىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئوغۇللىرى بولغان. ئەمما كونكرېتنى سانى ۋە ئىسىملىرىدا پەرقلەر بولغان. پەرزەنتلەر بەزى مەنبەلەردە 7، بەزىلىرىدە 13، يەنە بەزىلىرىدە 14 دېيىلگەن. مەخدۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدىلا ئوغۇللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىنىنى ("ئىشان كالان" نامى بىلەن مەشھۇر) نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش پىرلىقىغا، قالغان ئوغۇللىرىنى مەزكۇر مەزھەپنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلىقىغا تەيىنلىگەن. ئەمما مەخدۇم ئەزەم ئۆلۈشى بىلەنلا ئوغۇللىرى مەزھەپنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن كۆرەشلەرنى قوزغىغان. ئەمما بۇ مەيدان كۆرەشتە چوڭ ئوغۇل مۇھەممەد ئىمىن باشقىلارغا قارىغاندا نامى ئۇلۇغ، سۈزى يوللۇق بولغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئەمما ئىسھاق ۋەلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان، ھەمدە بۇ خوتۇن سەئىدىيە جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىكى "ئوغۇل ئانىسى نەسەبىدىن ئەتىۋارلىق" دېگەن ئەنئەنە بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، "خۇجائى قەشقىرى" دەپ ئاتالغان. يەنە كېلىپ ئۇ قابىلىيەتلىك بولغاچقا ئۇمۇ مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئايلانغان. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تولىمۇ كەسكىن بولغان. ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. مانا بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ مەنبەسى ئىدى. بۇ كۆرەش ماۋرائۇننەھر

رايوندىن ھالقىپ، يەكەن خانلىقى تېرىتورىيىسىلىگىچىلىك كېڭەيگەن. بۇ قارمۇ – قارشى ئىككى مەزھەپ بۇ رايونلاردا كۆپلەپ مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى ۋە كۈچىنى زورايتقان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىلار غەربىي يۇرتقا كىرىپ كەلگەن.

# «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» لار توغرىسىدا

تورغا يوللىغۇچى: TuranTekin

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=240

مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى - خوجا ئىسھاق ۋەلى بىلەن خوجا ئىمام كالان (خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان) لار ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوپىزمنى ۋە دىنى مۇتەئەسسىپلىكنى يەنىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇرىت - مۇخلىس توپلاشقا باشلايدۇ. بۇلار ئەزەلدىن ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش يولىدا بىر - بىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان ئاكا-ئۇكىلار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرىت تالىشىش كۈرىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى بىر كۈرەشتە ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن ئىشاننى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشانمۇ خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ نەۋرىسى خوجا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش خوجا ئىسھاق ۋەلى ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان چوڭ ئىككى سەپ شەكىللىنىدۇ.

خوجا ئىمامى كالان (خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان) تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى «ئىشقىيە» يەنى داستارلار دەپ ئاتىشىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «ئىسھاقىيە» يەنى مەختۇمزادىلار دېگەن نام

بىلەن ئاتىشىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا ـ «ئاپپاق خوجا» بىلەن خوجا ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەبەيدۇللا دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرت تالىشىش كۈرىشى قانلىق كۈرەش پەللىسىگە يېتىدۇ.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز مۇرىتلىرىنى ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن، ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تاقى (ئاق دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە»، «داستارلار» سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ.

خوجا ئەبەيدۇللامۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى ئىمامى كالان تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تاقى (قارا دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىسھاقىيە» سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىمامى كالاننىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان رايونلارنىڭ خەلقلىرى(قەشقەر، ئاقسۇ، كوچا، بۇلار ئۈچ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ) يەنى ھازىرقى قەشقەردىن تارتىپ كورلىغىچە بولغان جايلارنىڭ خەلقلىرى «ئاق تاغلىق» لارنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ ئايرىلىدۇ. ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، (بۇلارمۇ ئۈچ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق جايلارنىڭ خەلقلىرى «قارا تاغلىق» لارنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ ئايرىلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان «ئاق تاغلىق» لار، «قارا تاغلىق» لار (ئاق تاقلىك، قارا تاقلىك) كۈرىشى ئەۋجىگە

چىقىدۇ. ئاق تاقى، قارا تاقى ئاتالغۇسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى بويىچە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېيىلىدۇ.

بۇ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن خوجىلار بارغانسېرى بىر-بىرى بىلەن كەسكىن ھايات-ماماتلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى يەنىلا سەئىدخانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىسمايىلخانىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرى ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز-ئارا قانلىق كۈرەشلەرنى زادىلا توختاتمايدۇ.

بۇ چاغلاردا قەشقەردە ھىدايىتۇللا خوجا ئۆزىنى ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى، قەشقەرنىڭ دىنى، سىياسىي ھۆكۈمرانى، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، يەرلىك ئەۋلىيا دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئەتراپىغا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن نەچچە ئون مىڭلاپ مۇرىت - مۇخلىس توپلايدۇ. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، نەمەنگان شەھەرلىرى بىلەن خۇراساندىنمۇ مۇرىت توپلايدۇ.

خوجا ئەبەيدۇللا بىلەن ئوغلى دانىيال خوجىمۇ قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى، يەكەننىڭ دىنى، سىياسىي ھۆكۈمرانى «دانىيال ئەلەيھى» ــــ ئەۋلىيا دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئەتراپىغا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن نۇرغۇن مۇرىت – مۇخلىسلارنى توپلايدۇ. ھەتتا ماۋرائۇننەھىر، كەشمىر، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن مۇرىت – مۇخلىس توپلايدۇ.

بۇ ئىككى دىنى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر دىنى مەزھەپ، ھوقۇق كۈرىشلا بولۇپ قالماستىن بەلكى بارا-بارا سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەش شەكلىگە كۆتۈرۈلدۇ. مانا بۇ خوجىلار گۇرۇھىنىڭ خەلقىمىزنى پارچىلاش، بىر - بىرىگە قارشى قويۇش، يۇرتۋازلىق، تەپرىقچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، نادانلىق يولىغا ئىتتىرىش تارىخىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر.

# ئىلى خەلقىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى

تورغا يوللىغۇچى:niyazdixan :

توردىكى ئادرېسى:

http://www.orkhun.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=80

مۇھەررىردىن:

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلىدا ئۆتكەن تارىخچى، تىلشۇناس ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ( 1897 ـ 1948) نىڭ "ئىلى تارىخى" ("تارانچى تارىخى") ناملىق ئەسىرى ئىلى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، ئۇيغۇر مۇئەررىخلەر يازغان ساناقلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ( 5 – قىسمى) چارروسىيە ئىلىنى ئون يىل ئىشغال قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە ئىلىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىدا ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تۇنگان ( خۇيزۇ) لارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈش جەريانى بايان قىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى بىزنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا بولۇپ ئۆتكەن " كۆچ ـ كۆچ " دەپ ئاتالغان بۇ تارىخى ۋەقەنىڭ جەريانى توغرىسىدا تەپسىلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تەزكىرە خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، " ئىلى تارىخى " دېگەن ئەسەرنىڭ مۇشۇ قىسمىنى ژۇرنىلىمىزدا قىسقارتىپ بەردۇق. ئەسەر ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان ساقلاپ كەلگەن " ئىلى تارىخىنىڭ قوليازمىسىغا

ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. ئەسلى ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبى نەزەردە تۇتۇلۇپ بەزى سۆز ئىبارىلەر ئەينەن ساقلاپ قېلىندى.

++++++++++++++++++++++++++++++++++++++++++++

## تارانچى تۇنگانلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىقىش تارىخى

رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1871 - يىلى ئىلىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېلىش بىلەن بىللە تارانچى، تۇنگانلارنىڭ مۇستەقىل سۇلتانلىقى يوقىتىلغان ۋە ئۇ 1881 - يىلغىچە رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن. 1881 - يىلى 12 - فېۋرالدا پېتربۇرگدا مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇئاھىدە ( كېلىشىم (بويىچە ئىلى ۋىلايىتىنى بىرمۇنچە شەرتلەر بىلەن مانجۇ ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان بولغان .رۇسىيە ئىلىنى مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ، مانجۇلار ئىلىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغىچە بىر يىل ئىچىدە رۇسىيىگە تەۋە بولۇشنى خالىغۇچىلار بولسا، رۇسىيە ئۆز ئېلىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە كېلىشكەن ئىدى ھەمدە مانجۇلار ئېلىگە تەۋە يەردىن رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن بولغان بىرمۇنچە يەرلەرنى ( قورغاس دەرياسى بىلەن غالجات ئارىلىقنى (رۇسىيىگە بەرگەن ئىدى. 1881 - يىلى فېۋرال ئېيىدا ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ مۇئاھىدە گېزىتكە بېسىلىپ، ئەلگە مەلۇم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى مانجۇ ھۆكۈمىتى تۆرىسى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئىلى داۋاملىق رۇسلار قولىدا تۇرۇپ تۇرغان. لېكىن ئىلىدىكى تارانچى، تۇنگانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى دۈشمىنى بولغان مانجۇلار ئىلىغا قايتىپ كەلسە، ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۇرت

ئارىسىغا چولق ئەندىشە ۋە قايغۇ پەيدا قىلغان. ئاخىرىدا ئىلىنىڭ تارانچى تۇنگانلىرى بىرلىشىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن رۇسىيە زېمىنىغا كۆچۈشنى قارار قىلغان ۋە يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال ـ گوبېرناتورىغا خەلق نامىدىن ئەرز سۇنغان. تارانچىلارنىڭ ئەرزنامىسىگە يۇقۇرقى ئۈستەڭدىن ئابابەكرى بولۇس، روزى بولۇس سوپى نىياز، زىكرىيا بولۇس بىن توختى، مۇھەممەت بولۇس بەگ بىن نىدىر، تۆۋەنكى ئۈستەڭدىن موللا ئابدۇللا بولۇس، مۇھەممەت ئەلى، ھوشۇر قارى بىن موللا ھۈسەيىن، مەخپىر بىن ئىسھاق، ئابدۇماناپ قازى بىن ئابدۇرازاق، خوجا نەمرى قازى بىن توختى، تاھىر قازى، ناسىر قازى، ئىمىن قازى، سادىر قازى قاتارلىق 24 كىشىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان.

بۇ ئىككى ئەرز مەخسۇس ئەلچى ئارقىلىق گوبىرناتورغا يەتكۈزۈلگەن. يەتتە سۇ گوبېرناتورى كولپاكوۋسكىي تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ 20 ـ ئىيۇندا بەرگەن يولىيورۇقى بويىچە بۇلارغا كۆچۈشكە رۇخسەت قىلغان. قىلىنغان رۇخسەت يۇرتقا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، تارانچى، تۇنگانلار بىرلىكتە رۇسىيىگە چىقىپ يەر ـ سۇنى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئۆي ـ تام سېلىشقا كېرەك بولىدىغان ياغاچ ـ تاشلارنى جايلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەرنى سايلاپ بەرگەن. گېنېرال كولپاكوۋسكىي تەرىپىدىن بۇ كۆچمەنلەر ئۈچۈن چېلەك دەرياسى بويىدىكى يەرلەر بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى يەرلەر كۆرسىتىلىپ، ئەگەر بۇ كۆرسىتىلگەن يەرلەر يەتمىسە ياكى يارامسىز دەپ قارالسا، چۇ دەرياسىنىڭ يەرلىرىدىن ھەتتا ئەۋلىيا ئاتىغىچە يەر ئېلىشقا مۇمكىنچىلىكى بىلدۈرۈلگەن. ھېلىقى يۇرت سايلاپ بەرگەن ۋەكىللەر ئىلى رۇسلارغا ئۆتكەن ۋاقىتتىن بېرى

ئىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ناچالنىك ( باشلىق) بولۇپ كەلگەن ئىزرەتوۋ دېگەن پولكوۋنىك باشچىلىقىدا 1881 ـ يىل 3 ـ ئىيۇلدا يولغا چىقىپ 27 ـ ئىيۇلغىچە غالجاتتىن قارا بالتىغىچە بىكار ياتقان يەرلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، باشقا يەرلەرگە بارماستىن قايتقان. نەتىجىدە ھەر بىر بولۇس ۋەكىللىرى كۆرگەن يەرلەردىن تۆۋەندىكىدەك بۆلۈشۈۋالغان:

1. چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ، بايانقازى يەرلىرى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانىتىدىكى ( جەنۇبىدىكى) بىرمۇنچە يەرلەر 839 تۈتۈنگە بۆلۈنگەن ، يەنى خونىخاي بولۇسغا بۆلۈنگەن.

2. چارىن دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە ھەرقايسى بولۇستىن يىغىپ ـ تېرىپ 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

3. چېلەكنىڭ ئوڭ قانىتىغا ( شىمالىغا) ئۈچ بولۇس ) قاش، قاينۇق، بوبوسۇن) تىن 2465 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

4. چېلەك دەرياسىنىڭ سول قانىتىغا ( جەنۇبىغا) تۆت بولۇس ( قاش، ئارائۆستەڭ، بايتوقاي، ئارابوز) تىن 2694 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

5. ئاتامقۇلنىڭ تۆۋىنىدىن ( ۋەكىللەر ئاۋۋال تۇرگۇن سۇيىنى ياقىلاپ تۇتقانىكەن، نېمىشقىدۇر، كېيىن ئۇلار مۇنداق بۆلمەپتۇ) ھازىرقى قارا سۇ بولۇسغا 1685 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ( نىلقا، توققۇزتارادىن چىققانلار ھەم بىرئاز شەھەرلىكلەر.

6. چۇ دەرياسى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىغا تۇنگانلاردىن 1410 تۈتۈن ھەم شەھەر تۆگۈرۈگى ۋە شەھەر ئىچىدىكى تارانچىلار بولۇپ 3340 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لېكىن تۇنگانلاردىن بىرمۇنچىسى بېرىپ قارىسا، ئۇ يەرگە بەلگىلەنگەن ھەممە تارانچىلار مۇشۇ كۈندىكى ياركەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرۇپ قالغان. يۇرت ۋەكىللىرى يۇقىرىدىكى پىلان بويىچە يەرلەرنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەن. دەرۋەقە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يەتتە سۇنىڭ يەر - زېمنى پىلانلاپ ئۆلچەنمىگەن ۋە ياخشى - يامان يەرلەر، سۇلۇق - سۇسىز يەرلەر ھېسابقا ئېلىنمىغانلىقتىن، بۇ ۋەكىللەر غالجاتتىن قارا بالتىغىچە 1030 چاقىرىم يەرنى ئاتلىق 24 كۈن ئىچىدە كۆرۈپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن، يەرنىڭ ياخشى يامىنىنى ئوبدان بايقاپ كېتەلمىگەن. ئەل - يۇرت كۆچۈشكە غەملىنىپ تۇرغان چاغدا ئىچكىرىدىن ئىلىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇۋېلىشقا تەيىنلەنگەن تۆرە 1881 - يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ئىلىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە توختاۋسىز قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئەل - يۇرتقا جاكارلىغان.

"مانجۇلار تارانچى، تۇنگانلارنى رۇسلارغا بەرمىگۈدەك، ئۇنداق قىلغۇدەك، مۇنداق قىلغۇدەك ......" دېگەن ئۆسەك پاراڭلار بىلەن ئەندىشىدە قالغان خەلقنى تىنچلاندۇرۇش، يۇرتنىڭ كۆچۈپ كېتىشكە ئىختىيارى بار - يوقلىغىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ كەلگەن تۆرە ئەل - يۇرتنى ئارىلىغان. تۆرە ئىلىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ھەممە يېزا كەنتلەرنى ئارىلاپ، " مانجۇلاردىن قورقماسلىق ۋە ئىلاجى بولسا ئۆز ئورۇنلىرىدىن

قوزغالماي تۇرۇپ قىلىش " ھەققىدە خەلققە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا ئۇزۇل - كېسىل تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەن. ئومۇمەن كۆچمەنچىلىكتە بولىدىغان بۆلگۈنچىلىك، مۇساپىرلىق، ۋەتەنگە مۇھەببەت، كۆچۈپ بارىدىغان يەردە يەر سۇ كەمچىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېيتىپمۇ بۇلارنى توختىتالمىغان. شۇنىڭدەك خەلق كۆچۈپ چىقىش ئۈچۈن تۆرىدىن ئىككى يىللىق مۆھلەت سورىغان. بىراق ئاۋۋال كۆچمەنلەرنى بىر يىل ئىچىدە 1882 - يىلغىچە كۆچۈرۈپ چىقىپ بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۆچۈش باشلانغان ۋاقىتدا ئەھۋال قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىدەك بولۇپ، كۆچۈش ۋاقتى 1883 - يىل 10 - مارتقىچە سوزۇلغان، كومىسسار تۆرە شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئالاھىدە كومىسسىيە تەشكىللەپ، كۆچۈشنى خالىغانلارنىڭ ھېسابىنى ئالدۇرغان. كۆچمەكچى بولغانلار :تارانچىلار 11 مىڭ 365 تۈتۈن، تۇنگانلار 1308 تۈتۈن، جەمئىي 12 مىڭ 673 تۈتۈن (تەخمىنەن 51 مىڭ جان) بولغان .بۇلارنىڭ ئىچىدە 2000 ئۆيلۈك كىشى ئۈچۈن گېنېرال گوبېرناتورنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىسىدا يەر بېرىلىپ، قالغان 10 مىڭ 673 تۈتۈن ئۈچۈن باشقا يەردىن يەر - سۇ بېرىلمەك بولغان.

## تۇنگانلارنىڭ كۆچۈشى

كۆچۈش 1881 - يىلى كۈزدە باشلانغان. بىرىنچى نۆۋەتتە 14 ئۆيلۈك تۇنگان كۆچۈپ، ئالمۇتىغا كېلىپ قىشلىغان. بۇلار بىلەن 101 ئۆيلۈك تارانچىلار كۆچۈپ، ئاران دېگەندە چېلەككە يېتەلىگەن.

تارانچىلارنىڭ ئاۋۋالراق چىققانلىرى پۇتۇنلەي كەمبەغەللەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە شۇ يىلى قىش بالدۇرراق كېلىپ بۇ قىشنى كىگىز ئۆيدە ئۆتكۈزگەنلىكتىن، خېلى قىيىنچىلىقلارنى تارتقان. شۇنىڭ بىلەن كۆچۈش توختاپ قالغان، 1882 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ كۆچمەكچى بولغان. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق ھەمدە ئۇرۇقلىرى بولمىغانلىقتىن، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت (رۇسىيىنىڭ) باشلىقلىرىنىڭ مۇراجىتى بىلەن، فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېنېرال گوبېرناتور تەرىپىدىن چېلەك، تۈرگەن ۋە پىشپەككە ئاشلىق توپلاش تاپشۇرۇلغان. بۇ راسخوتلار ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى مۇئاھىدە بويىچە رۇسىيىگە تۆلىمەكچى بولغان 9 مىليون سوم ئاقچىدىن 450 مىڭ سومنى غۇلجا كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلماقچى بولۇپ، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن سوراپ تەلەپ قىلغان. ئاشۇ 450 مىڭ سوم ھېسابىدىن 50 مىڭ سومى كۆچمەنلەرگە ئوزۇق ۋە ئۇرۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان. لېكىن بېرىلگەن بۇ ئاقچا كۆچمەنلەرگە قەرز ھېسابىدا بېرىلىپ، ھەر يىلى سېلىق يىغقاندا قوشۇپ ئېلىنغان. شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پىشپەك ئويازىدا 3235 سوم 18 تىيىنغا 9211 پۇت ( بىر پۇت 16 كىلوگرام) ئاشلىق، ئالمالىق ئويازىدا 3636 سوم 60 تىيىنغا 12 مىڭ 202 پۇت ئاشلىق تەييارلانغان. چېگرىغا يېقىنراق بولۇشلاردىكى خەلقلەر قىش ۋاقتىدا مۇز قاتقان ۋاقتتىن پايدىلىنىپ چانا يولى بىلەن ئاشلىق ـ تۈلۈكلەرنى بەلگە ( ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا) يەتكۈزىۋالغان. 1882 ـ يىلى ئىلى دەرياسىغا ئۈچ ـ تۆت كېمە سالدۇرۇپ، كۆچمەنلەر كۆچۈپ چىقىشقا باشلىغان. ئالمۇتا

بىلەن ئىلى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چارىن ۋە چىلەك سۇلىرىدىن ئۆتمەك قىيىن بولغانلىقتىن، مەخسۇس كۆۋرۈكلەر سېلىنغان. 1882 - ئاۋۋال تۇنگانلار كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى :كۆچۈش مەسىلىسى چىقىش بىلەن تەڭ مانجۇ - تۇنگانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇلارنى چاپسانراق كۆچۈرۈش مەقسىتىدە ئوبلاستتىن مەخسۇس بىر كىشى ئەۋەتىلىپ، شۇنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا 914 هارۋا بىلەن 486 ئۆيلۈك، 2454 جان تۇنگان كۆچۈرۈلۈپ چىقىلغان. ئۇلارغا توقماق ئويازىدىكى هازىرقى پىشپەكنىڭ سوقۇلۇق دېگەن يېرىدىن يەر - سۇ بېرىلگەن. بۇ كۆچمەن تۇنگانلارنىڭ تولىسى دېگۈدەك كەمبەغەل ۋە كۆپىنچىسى سودا - سېتىق، هۈنەر - كەسىپ قىلىدىغان، شەھەر تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولغانلىقى هەم يولنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن، كۆچۈپ چىققان 1308 ئۆيلۈك تۇنگاندىن پەقەت 350 تۈتۈنى توخماق ئويازىغا كەلگەن، ئۇلاردىن 200 تۈتۈنى سوقۇلۇققا ئورۇنلاشقان. قالغان 150 تۈتۈنى پىشپەك شەھىرىدە قېلىپ، شەھەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 115 تۈتۈن ئالمۇتىدا گورودسكايا ئۇپراۋا ( شەھەرلىك هۆكۈمەت) دىن يەر - جاي ئېلىپ، ئالمۇتىدا ئورۇنلاشقان. 100 تۈتۈن چېلەك بىلەن تۈرگەن ئوتتۇرىسىدا تارانچىلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە 600 تۈتۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىدا ئورۇنلاشقان. 1884 - يىلى كۈز پەسلىدە پۈتۈن سوقولۇققا 318 تۈتۈن، 1565 جان كۆچۈپ كەلگەن. بۇلارغا بۇرۇنقى سۈيدۈڭدە بولۇس بولغان مادىراخۇن دېگەن كىشى بولۇس بولۇپ، 1883 - يىلى تۇنگانلار نامىدىن ۋەكىل بولۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا

بېرىپ، " خارۇنجا " دېگەن ئۇنۋاننى ئالغان ئىكەن. پىشپەككە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جەمئىيسى 208 تۈتۈن، 644 جان، ياركەنت شەھىرىگە كەلگەنلەر 333 تۈتۈن، 1347 جان بولغان. پىشپەك، ئالمۇتا شەھىرىدە تۇرغانلار كۆكتاتچىلىق، سودا - تىجارەت، هارۋىكەشلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ياركەنتكە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇلاردىن باشقا، ئالمۇتا ئۇيازىدىكى تارانچىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ئومۇمي سانى 146 تۈتۈن 694 جان بولۇپ، پەقەت دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. هازىرقى ۋاقىتتا بۇلاردىن قورام بولۇسدا بولغانلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم قىزىلجىگدە قىشلىقىدا ياشاپ كەلمەكتە. لېكىن قاراسۇ بولۇسدا ئولتۇرغانلارنىڭ ( پالتىبايدا 85 تۈتۈن، يېڭى شەھەردە 90 تۈتۈن) ھەممىسى دېگۈدەك باشقا جايلارغا تارىلىپ كەتكەن ئىدى. ئومۇمەن غۇلجىدىن كۆچۈپ چىققان تۇنگانلارنىڭ سانى 1884 - يىلدا 1147 تۈتۈن 4682 جانغا يەتكەن. بۇ ھېسابقا قەشقەر تۇنگانلىرى كىرمەيدۇ. بېرىلگەن ياردەمنىڭ ھېسابى: توخماق ئويازىدىكىلەرگە 8241 سوم 78 تيىن، ئالمۇتا ئۇيازىدىكىلەرگە 668 سوم 10 تيىن، ياركەنت ئۇيازىدىكىلەرگە 500 سوم، ئۈچ ئويازدىكىلەر ئۈچۈن جەمئىي 9409 سوم 88 تيىن بېرىلگەن.

## تارانچىلارنىڭ كۆچۈپ چىقىشى

1882- يىلى 10 - مارتتا رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى رەسمىي يوسۇندا مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئىككى خىيالدا قالغان خەلققە بۇ

ۋەقە چوڭ تەسىر قىلغان. خۇسۇسەن مانجۇ ئەسكەرلىرى غۇلجىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن " مانجۇ ھۆكۈمىتى ئەمدى كەلمەيدۇ " دېيىشكەن ئورۇن قالمىغانلىقتىن ئەل - يۇرت قايتىدىنلا كۆچۈشكە ھازىرلىق قىلىشقا باشلىغان. ئاخىرىدا، ھۆكۈمەت كۆچۈپ چىققۇچىلارغا ئۇياقتا ئاشلىق يوقلىغىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، 1882 - يىلى كۈزگىچە غۇلجىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلدۇرۇشنى ئويلاپ، ھەر بىر قىشلاقتىن بىر قانچە ئۆيلۈك ئادەم قالدۇرماقچى بولغان ئىكەن. لېكىن قاتتىق غەم - ئەندىشە، ساراسىمىگە چۈشكەن خەلق بۇ مەسلىھەتكە كۆنمىگەن. ئاقىۋەت ھەر يۇرت بولۇسلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئاشلىق يىغىلىپ بولغۇچە تۇتۇپ تۇرۇلغان، شۇنداق قىلىپ، خەلقنى ئاشلىق يىغىلىپ بولغۇچە ئاران تۇتۇپ تۇرالىغان. بىراق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قالغانلىقتىن، كۆچۈپ چىققانلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيى تۆۋەن بولغاچقا، يۇرت بۇلارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماي خېلى ئاۋارىچىلىكلەر بولغان.

بىرىنچى مەرتە چېگرىغا يېقىن خونخاي بولۇسىدا شۇ يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆچۈش باشلىنىپ، تەيىنلەنگەن يېڭى ئورۇنغا ( يەنى چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ ۋە بايانقازاق يەرلىرىگە) 26 - مارتقىچە يېتىپ بېرىپ يەر ھەيدەپ، ئېرىق ئۆستەڭلەرنى تۈزەشكە كىرىشكەن. ئۆزلىرىنىڭ كونا يۇرتى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 70 - 80 چاقىرىم كېلىدىغان يەر بولغاچقا، شۇ يىلى قىشتا ئۆز يۇرتىدا قالغان ئاشلىقلىرىنى چانا بىلەن ئېلىپ كېلىۋالغاچقا، ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلمىغان. غۇلجىدىكى خونخاي بولۇسى 839 تۈتۈن ئىدى، بۇنىڭدىن 675 تۈتۈن كۆچۈپ چىققان، بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىلى، خونخاي مازار بولۇسلىرىدىنمۇ

بىرمۇنچە تۇتۇن قوشۇلۇپ، جەمئىي 1234 تۇتۇن، 5933 جان ئادەم بولغان. شۇ چاغدا بۇ ئۈچ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ( ئىككى ئاقسۇ سۈيى ۋە بايانقازاق سۈيى) بىلەن مۇنچە كۆپ يۇرتنى تەمىنلەپ كېتىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھۆكۈمەت 40 مىڭ دېسەتىنا يەرگە سۇ يەتكۈزمەكچى بولۇپ، 1885 - يىلى ئەتىيازدا سارتوقاينىڭ ئۇدۇلىدىن بۇرۇنقى ئەسكىقالماق ئېرىقى ئىزى بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ، 12 چاقىرىم يەرگە يەتكۈزگەن ۋە 11 مىڭ دېسەتىنا يەرنى كۆكلىتىشكە سۇ بېرەلەيدىغان ئېرىق ئۆستەڭنى رېمونت قىلغان. مانجۇلار قولىدا ئالۋان - ياساق ۋە ھاشارغا ئىشلەپ قىرچىلىپ كەتكەن خەلق بۇ زەيكەش شورتاڭلىق يەردە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلەشكە كۆنمىگەن، شۇنىڭدەك بۇ يەرلەرگە تېرىلغان ئاشلىق ئوبدان بولۇپ قالسا، ئالۋان - سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتەرمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن شۇ يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭى ئۆستەڭ ئېلىپ كەلگەن يەرلەرگە پەقەت 26 دېسەتىنا ئاشلىق تەرگەن .تېرىيدىغان ئۇرۇقنى قوماچ قىلىپ چاچقاچقا ئۇنىمگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھۆكۈمەتمۇ تاشلاپ قويغان .

## تارانچى، تۇنگانلارنىڭ ئۆسەڭ، قورغاسقا كۆچۈشى

ئاقسۇ، چارىنلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق تارانچىلار ئۆسەڭ بىلەن قورغاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تارانچىلار بىلەن مانجۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەرگە پەقەت قازاق ئورۇسلارنىلا كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئويلىغان. بىراق 1881 - يىلى " ئىلى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغىدەك " دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان

تارانچىلاردىن خېلى نۇرغۇن كىشى چىقىپ، ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىدىكى بوش ياتقان يەرگە دېھقانچىلىق قىلغان ۋە بىر مۇنچىسى كۆچۈپ چىقىپ ئورۇنلىشىپ قالغان، قايتىپ (غۇلجىغا) كېتىشنى خالىمىغانلىقتىن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. غۇلجىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇراجىتى بويىچە گېنېرال گوبېرناتور 1882 ـ يىلى يانۋاردا چۈشۈرگەن ئەمرىگە بىنائەن، بۇ ئورۇنغا 1500 ئۆيلۈك تارانچى، 500 ئۆيلۈك تۇنگانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ئۆسەكنىڭ يېنىدىكى بۇرۇنقى سۇلانلار شەھىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى ياركەنت شەھىرى سېلىنىپ، ئۇنىڭغا تارانچى، تۇنگانلار ۋە رۇسىيە پۇقراسى بولغان سودىگەرلەر كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

بۇلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشتىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، ياركەنت چېگرىغا يېقىن، ھەر ۋاقىت ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان ئورۇن. بۇ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشكە ئاسان بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان. ئىككىنچىدىن، ياركەنت شەھىرىنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا ـ سېتىق قىلىشقا ئەھمىيەتلىك بىر شەھەر قىلماقچى بولغان. بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققانلاردىن باشقا، ئۆزلىرى باشقا، ئۆزلىرى باشقا جايغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، كەمبەغەللىكى ۋە يول يىراقلىقى سەۋەبىدىن بارار جايغا يېتەلمەي قالغان باشقا يۇرتلۇق تارانچىلار ۋە تۇنگانلارمۇ قوشۇلغان. 1882 ـ يىل ئىيۇندا گېنېرال گوبېرناتور ئۆزى كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، نەچچە يىللار ئاق ياتقان ئاي دالانى كۆچمەنلەرنىڭ ئىشلەپ ئاۋات قىلىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، چېگرىغا يېقىن قورغاس بويىدىن 500 ئۆيلۈك قازاق ئوروۋسقا چۆپلۈكى بىلەن 30 مىڭ دېساتىنا يەر قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنى تارانچى،

تۇنگانلارغا بېرىشكە ۋە بۇرۇن تەيىنلەنگەن 12 مىڭ ئۆيلۈك ئۈستىگە يەنە 1500ئۆيلۈك بېرىشكە رۇخسەت قىلغان .

شەرتنامە بويىچە ئىلىنى 1883 - يىل 10 - مارتتىن قالدۇرماي رۇسلار بوشتىپ بەرمەكچى بولىسمۇ، لېكىن مانجۇلار بىلەن ئوتتۇرىدا يەنە چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ ( بۇ چاغدا كۆچمەنلەر ئارىسىدا بۇلاڭچىلار پەيدا بولغان بولۇپ، مانجۇلارغا نۇرغۇن زەرەر يەتكۈزگەن) غۇلجىنى 5 - مارتقىچە بوشتىپ بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈمەت بۇيرۇق قىلغان. فېۋرال ئېيىدا 500 ئۆيلۈك كۆچۈپ چىققان .

1883- يىلغىچە ياركەنت ئۇيازىغا چىققان كۆچمەنلەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

ئۆسەك، قورغاس ئوتتۇرىسىدا تارانچىلار 2479 تۈتۈن، 9489 جان، تۇنگانلار 333 تۈتۈن، 1347 جان. ئاقسۇ چارىن بولۇسىدا 1107 تۈتۈن 5346 جان .پۈتۈن ياركەنت ئۇيازىدا تارانچىلار 4346 تۈتۈن، 18 مىڭ 616 جان بولغان .

## تارانچىلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى

غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ تولىسى ئالمۇتا ئۇيازىغا، خۇسۇسەن چېلەك دەرياسى ياقىسىغا (ھازىرقى قورام، چېلەك، مالىباي بولۇسلىرى) ئورۇنلاشتۇرۇلغان .چېلەك دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىغا (ھازىرقى مالىباي بولۇسى) تۆت بولۇستىن يىغىپ 1086 تۈتۈن جايلاشتۇرۇلغان. ھازىرقى قورام بولۇسىغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ بولۇستىكى يۇرتلاردىن چىققان

كىشلەردىن باشقا، يەنە باشقا بولۇسلاردىن بىرمۇنچە تۈتۈنلەر قوشۇلۇپ، 2288 تۈتۈن ئولتۇرغۇزۇلغان، مالبايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار يەرلەرنىڭ سۈيى بول بولغاچقا ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق قىيىنچىلىق كەلتۈرمىگەن. قورام بولۇسىدا كۆپرەك ئىش قىلىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى بۇ بولۇسقا چۈشكەنلەرگە بېرىلگەن يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن، ئەسلىدە پايدىلىنىپ كەلگەن ئاقسۇ، قاراتورۇق، ئويىنكە، كىيىكباي ئوخشاش تاغ سۇلىرى بولسىمۇ، بۇ سۇلار دېھقانلار ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە يەتمىگەنلىكتىن، چېلەك كىرىستىيانلىرى (دېھقانلىرى) ۋە قازاقلار سۇ ئىچۋاتقان تالئېرىق دېگەن ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ قارا تورۇققا قاراپ چېپىشقا توغرا كېلەتتى . كۆچمەنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت چېلەكتىن ئاتامقۇلغىچە سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بىر تېخنىك تەيىنلەپ، 26 مىڭ دېسەتىنا يەرنى كۆكلەتكۈدەك سۇ چىقىرىش ئۈچۈن 300 مىڭ سوم راسخوت كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىكەن. ھۆكۈمەت مۇنچىلىك چىقىمنى ئېغىر كۆرۈپ، بۇ ئىشنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويغان. كۆچمەنلەر كېلىپ سۇغا يېڭى ئېھتىياج پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە، بىرمۇنچە تەجرىبىلىك كىشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كۆچمەنلەرگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ سۇ چىقارماقچى بولغان. بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا تارانچىلار ئىچىدە ئىلىدا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ خېلى شۆھرەت قازانغان ئىلىدىكى تاشئۆستەڭ بولۇسى ئابابەكرى بولۇشنى تەيىنلىگەن. بۇ كىشى سۇ قۇرۇلۇشىدا كۆپ تەجرىبىلىك كىشى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا بىر رۇسنى ياردەمچى قىلىپ تەيىنلىگەن. ھېچقانداق چىقىم قىلماي، بۇرۇنقى تەكشۈرگەن تېخنىك كۆرسەتكىنىدىن ئىككى

ھەسسە ئارتۇق سۇ چىقىدىغان ۋە يىلىغا 40 مىڭ دېسەتىنىدىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدىغان ھازىرقى قورام بولۇسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ ئاتامقۇلنىڭ بېشىغا يەتكۈزگەن .

## قارا سۇ بولۇسغا كۆچۈش

1881- يىلى ئىيۇندا يەر كۆرگىلى چىققان ۋەكىللەر ئىچىدىكى توققۇزتارا بولۇسى بىلەن شەھەر ئاستى بولۇسىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ ئىككى بولۇس ئۈچۈن ھازىرقى تۈرگەن سۈيىنى ياقىلاپ تۇتقانىكەن. بۇ ئىككى بولۇستىن بىر مۇنچە كىشىلەر ( شەھەرلىكلەر) ئۆز ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق تۈپەيلىدىن ياركەنتتە قېلىپ، قالغانلىرى كۆچۈپ بارغان .بىراق بۇلار ئۈچۈن تەيىنلەنگەن يەرگە ھازىرقى تۈرگەن سۈيىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەن. ھالبۇكى، تۈرگەن سۈيى بىلەن رۇسلارنىڭ ھويلا - ئارامىلىرى ۋە ئاتامقۇل ئارىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ يەرلىرىمۇ سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، ناۋادا تارانچىلارمۇ بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشسا، بۇ سۇ زادىلا يەتمەيدىكەن. مۇشۇ ئەھۋالنى ئېتىبارغا ئېلىپ، بۇلارنى ئاتامقۇل بىلەن قاراتورۇق ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە ئولتۇرغۇزماقچى بولغان. شۇنىڭدەك ئابابەكرى بولۇس چاپتۇرغان ئۆستەڭگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا ئۇنىماي، قاراسۇ بولۇسىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى سورىغان. بۇ جاينىڭ يەر - سۈيى يېتىشمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. بۇ كىشىلەر غۇلجىدىكى ۋاقتىدا كۆپرەكى سودا - سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىككە ئوخشاش شەھەر تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر بولۇپ، يەر - سۇنى ئازراق لازىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاخىرى ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ئولتۇراقلىشىپ، توخماقتىكىلەرنى قارا قوڭغۇز دېگەن

يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كۆچمەنلەر (تۇنگانلار) بەي يەنخۇ باتۇرنىڭ دائىملىق ئەسكەرلىرى بولۇپ، 20 يىل داۋامىدا ئۇرۇش ـ قان تۆكۈش بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگەنلىكتىن، ئەخلاقى ئۆزگەرگەن، ئۆزئارا ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن باشقا يەرنىڭ تۇنگانلىرى ئۇلارغا ئارىلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئارىلاشتۇرۇشنى زادىلا خالىمىغان. بۇ قارا قوڭغۇز تۇنگانلىرى بالا ـ چاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مانجۇلارنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن مەخسۇس شايكا ئورۇنلاشتۇرۇپ غۇلجىغا بارغان. بۇ شايكا كۆچمەنلەر ئىچىدىن ياردەمچىلەرنى تېپىپ سانى كۆپەيگەنلىكتىن، غۇلجا ئەتراپىدىكى مانجۇ، سۇلان، شىبە، خىتايلارغا كۆپ زەرەر يەتكۈزگەن. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر كەلتۈرۈپ قويۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ شايكىنى يوقىتىپ چارە كۆرۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە ھۆكۈمەت تەرەپتىن كۆرۈلگەن چارە تەدبىرلەر ئارقىلىق 1883 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شايكىلار ئاران يوقىتىلغان . شۇ چاغدا يۈرگۈزۈلگەن سايلامدا ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا قارا قوڭغۇز تۇنگانلىرى 674 تۈتۈن، 3003 جان ئىكەن قارا قول ئۇيازىدىكىلەرنىڭ سانى 205 تۈتۈن، 1130 جان ئىدى .

## تارانچى تۇنگانلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى

مانجۇلارنىڭ قولىدىكى ۋاقتىدا خەلقنى ئىدارە قىلىشتا يۈزلەرگە بۆلگەن، ھەر بىر يۈزگە ۋە بىر نەچچە يۈزنىڭ ئۈستىگە يۈزبېگى، مىڭ بېگى، مىڭ بېگلىرى ئۈستىگە ھاكىمبەگ تەيىنلەپ ئىدارە قىلاتتى. غۇلجىدا

بىر قىسىم چوڭ ئۆستەڭدىن بىر قانچە يېزا ـ قىشلاقلار سۇ ئىچەتتى. شۇ يېزا قىشلاقلارنىڭ سانىغا قاراپ ئۆز ئالدىغا بىر بەگلىك تەشكىل قىلغان. مانجۇلار بۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىنى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان. تارانچىلار سۇلتانلىقى يوقىتىلىپ، رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، 1871 ـ يىلىدىن 1881 ـ يىلىغىچە رۇسىيىنىڭ سىستېمىسى بويىچە بەگلىك ئورنىغا بولۇس سايلانغان. شۇ تەرتىپ بويىچە ئىلى تارانچىلىرى 14 بولۇسقا بۆلۈنگەن. يەتتە سۇ ۋىلايىتىگە چىققاندا بۇرۇنقىدەك يول بويىچە باشقۇرۇشقا توغرا كەلمىگەنلىكتىن، 1200 تۈتۈندىن 2500 تۈتۈنگىچە ئاھالە بىر بولۇس قىلىپ تەشكىللەنگەن، بۇرۇنقى 14 بولۇس قىسقارتىلىپ ئالتە بولۇس تەشكىل قىلىنغان.

قورام، مالىباي، قاراسۇ، ياركەنت، ئاقكەنت (كېيىن ئايرىلغان بولۇس)، ئاقسۇ ـ چارىن، كەتمەن، غالجات بولۇسى بۇرۇنقى پېتىچە قالدۇرۇلغان. دېمەك، جەمئىي يەتتە بولۇس بولغان. بۇندىن باشقا، يۆزلىگەن ئاھالىلەر مېرۋە تەرەپتە بەيرەمئەلىگە يېقىن ئاقتام كەنتلىرىگە ئولتۇراقلاشقان. چوڭ ئاقسۇ سۇيىگە ( يېرىگە) ھەربىرى 300 تۈتۈندىن ئىككى سېلىنا، كىچىك ئاقسۇغا 2500 تۈتۈن، بايانقازاقتا 315 تۈتۈن ئورۇنلاشقان. 1882 ـ يىل ئىيۇندا بۇ يەردىن 100 تۈتۈن ھازىرقى چارىنغا كۆچۈرۈلگەن .

1882ـ يىلى يازدا مالىباي بولۇسى تۆۋەندىكىچە ئۈچ سېلىناغا بۆلۈنگەن: مالىباي 304 تۈتۈن، بايسېيىت 320 تۈتۈن، ماساقباي 304 تۈتۈن بولغان. 1883 ـ يىلى بۇلارنىڭ ئۈستىگە قاينۇقتىن 184 تۈتۈن، سارىبۇلاقتىن 232 تۈتۈن قوشۇلغان. 1882 ـ يىل مايدا قورام بولۇسى

تۆۋەندىكىچە سېلىنالارغا بۆلۈنگەن: قورام 300 تۈتۈن، لابار 328 تۈتۈن بولغان. 1883 ـ يىل ئاۋغۇستتا تىرەنقارا 320 تۈتۈن، قارا تورۇق 304 تۈتۈن، ئاقسۇ 200 تۈتۈن بولغان، كېيىنرەك كىيىكباي تۈزۈلگەن بولسا كېرەك .هازىرقى قاراسۇ بولۇسىدىمۇ تارانچىلاردىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەر بىر سېلىنا ئۈچۈن يەر ئۆلچەپ بەرگەندە ، تەن سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەردىكى ۋە سەھرادىكىلەرگە باغلىق يەرمۇ بەرگەن .

قاراسۇ بولۇسغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار: سۇ بويىغا 300 تۈتۈن، شۇ يىلى ئىيۇلدا تاشكەنبايسازغا 242 تۈتۈن، 1883 ـ يىلى تاشقارا سۇغا 200 تۈتۈن، ناۋېككە 100 تۈتۈن، جارىلقاپقا 100 تۈتۈن، ئىككى بۇلاقتوقايغا 300تۈتۈن، ماناپبۇلاققا 200 تۈتۈن، پالتىبايغا 101 تۈتۈن، سادىرغا 50 تۈتۈن جەمئىي 1500 تۈتۈن ئورۇنلاشقان .

1884ـ يىلى بۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە 1495 تۈتۈن قوشۇلغان. ئالمۇتىدىكى تارانچىلار 130 تۈتۈن، ئىلى كۆۋرۈكىگە 43 تۈتۈن، جەمئىي 3185 تۈتۈن بولغان. لېكىن قارا سۇ بولۇسىنىڭ جان بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر مىقدارى بەك ئاز بولغانلىقتىن، بۇلار كۆپىنچە قوشنا قازاق ئورۇسلارنىڭ ۋە قازاقلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ تۇرغان . كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاساسلىقى، ئېرىق ـ ئۆستەڭنى ئاساس قىلىپ، 200 ئۆيلۈكتىن كەم بولماسلىق ۋە دېھقانچىلىق، تىرىكچىلىككە قۇلايلىق بولۇش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تارانچى، تۇنگانلارغا سېلىنغان سېلىق ھەممە يەردە ئوخشاش بولغان. 1886 ـ يىلدىن باشلاپ تۆتتۈن بېشىغا سەككىز سومدىن سېلىق سېلىنىپ، ئون يىل داۋاملاشقان .مۇشۇ تەرتىپتە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئاندىن يىلدىن يىلغا كۆپەيتىلگەن. يەتتە سۇغا كىرىستىيانلار كۆپ كېلىپ، دېھقانچىلىق كېڭەيگەنلىكتىن، مەھسۇلات باھاسى ئەرزانلاپ، كەمبەغەل ۋە ئوقەتسىز دېھقانلار ئۈچۈن سېلىق ئېغىر كېلىپ يەر ـ سۇيىدىن ئايرىلغان نامراتلار سېپى كۈنسايىن كۆپەيگەن. چوڭ كىرىستىيانلار ئۈچۈن ئەرزان ئىشلەمچى ـ مەدىكارلار كۆپىيىشكە باشلىغان .

تارانچىلار مانجۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن ( ئىلىدىكى) بۇرۇنقى قاتتىق ئالۋان ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلغان. ئەمما كونا قائىدە بويىچە ھوسۇل ـ دەن تۆلەيدىغان بولغان. سانى ئاز قالغان خەلققە بۇرۇنقىدەك دەن تۆلىمەك ئېغىر ئىدى .پۈتۈن ئىلى بويىچە كۆچمەي قالغان تارانچىلار 1700 تۈتۈن ھېسابىدا ئىدى. يەتتە سۇغا كۆچۈپ كەتكەن تارانچىلاردىن بەزىلىرى كونا يۇرتلىرىنى سېغىنىپ ( ئۇ يەردە ئوقەت قىلالماي)، بەش ـ ئون يىل ئىچىدە 4000 تۈتۈن كىشى ئىلىغا قايتىپ كەلگەن. بۇلار بۇرۇنقى ئۆز جايلىرىغا ئىگە بولغان.